ئاۋام بىلىشكە تېگىشلىك

# ئەدەپ - ئەخلاق بىلىملىرى



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەمەت دەرۋىش

ئاۋام بىلىشكە تېگىشلىك

# ئەدەپ - ئەخلاق بىلىملىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئەركىن ئەمەت
مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

پىلانلىغۇچىلار: ئەركىن ئەمەت
مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: رىزۋانگۈل ئابلەت

ئاۋام بىلىشكە تېگىشلىك
ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلىملىرى

| | |
|---|---|
| ئاپتورى: | ئەمەت دەرۋىش |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 — 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى |
| فورماتى: | 880×1230 م م 1/32 |
| باسما تاۋىقى: | 6 |
| نەشرى: | 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى |
| باھاسى: | 15.00 يۈەن |

# مۇندەرىجە


I **ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە** ..........1
ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە رولى ..........1
ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ تەبىرى ..........5
II **ئائىلە ئەخلاقى ــ ھاياتلىق ئىززىتى** ..........12
ئادەم قۇلىقىدىن، ھايۋان تۇيىقىدىن سەمرىيدۇ ..........12
ئىلىم ئۆگەتمەك ئاتا ـ ئانىغا قەرز، ئىلىم ئۆگەنمەك قىز ـ
ئوغۇلغا پەرز ..........15
بالاڭنى ئۆگەتسەڭ ئەدەپكە، ئىرىشسەن سەدەپكە ..........19
ئۇلۇغ تەبىئەتنى تونۇ ۋە ئۇنى ھاياتلىق مەنبەسى دەپ بىل ..........21
پاكىزلىق ساقلا ..........22
گەپ ـ سۆزدە سىلىق، مۇلايىم، توغرا سۆزلۈك بول ..........23
تاماق يېگەندە ئەدەپنى ئۇنتۇما ..........23
ئىش ـ ئەمگەك زېھنىنى ئاچىدۇ ..........24
چوڭلارنى ھۆرمەتلىسەڭ ئىززەت تاپىسەن ..........25
بىلىم ــ ئەقىل بۇلىقى ..........28
III **ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيەسى** ..........30
ئىنسانىي بۇرچ ..........30
ئىنسانىي ۋىجدان ..........31
قىلىق ۋە پەزىلەت ..........34
ئەخلاقىي باھا ..........35
IV **ئەر كىشىلىك ئەدەپلىرى** ..........39
ئەرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ..........39

V **ئاياللىق ئەدەپلىرى** .......................... 75
ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئەمەلىيەت .......... 77
ئىلىم تەھسىل قىلىش .......................... 86
ئاياللىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش .......... 90
قىزلىق ئەدەپلىرى .......................... 102
قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەدەپلەر ..... 106
ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆگەي بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت .. 116
ئاياللاردا ئېتىقاد .......................... 120
ئاياللاردا دوست تۇتۇش ۋە تېجەمكارلىق .......... 132
ئاياللاردا ياخشى خۇلق .......................... 138
VI **سودىدا ئەدەپ، ئۆزۈڭگە كەلدى نەپ** .......... 142
بولمىساڭ ئىللىق چىراي، ئاچمىغىن دۇكان -ساراي ........ 144
قوشنا ھەققى ـــ كىشىنىڭ ھەققى .......... 148
توغرا سۆز ھەسەل، يالغىنى پىياز .......... 152
يالغانچىلىق ئىشەنچنى يوقىتىدۇ .......... 153
يالغان سۆز ئىززەتنى دەپسەندە قىلىدۇ .......... 156
تەكەببۇرلۇق شەيتاننىڭ ئىشى، مەنمەنلىك نادانىنىڭ ئىشى .. 160
بېخىللىق ۋە ئىنسابسىزلىق .......... 168
سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا .......... 172
تىرىشقان ئۇتار .......................... 177

# I ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە

## ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە رولى

ئەدەپ ـ ئەخلاق بىردەملىك ھېسسىيات ياكى بىردەملىك پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، مەلۇم بىر مەزگىل ياكى مەلۇم بىر دەۋردىكى كىشىلەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسىمۇ ئەمەس، ئۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋردىن باشلىنىپ، مەزمۇنى تارلىقتىن كەڭلىككە، تار دائىرىدىن كەڭ دائىرىگە، ئىپتىدائىيلىقتىن نەپىسلىككە، مەھەللىۋىلىكتىن كوللېكتىپچانلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان ئاڭ فورماتسىيەلىرىنىڭ بىرى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى بىلەن تەڭ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بارلىققا كېلىپ، ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىشقا ئەگىشىپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت، كىشىلەر بىلەن ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئۇرۇقلار بىلەن ئۇرۇقلار، مەلۇم ئىجتىمائىي كوللېكتىپ توپى بىلەن يەنە باشقا بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپ توپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ ئادەتلەر مەلۇم بىر ئەدەپ ـ ئەخلاق ئاساسىدا بولغان. سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا سىنىپىي ئەخلاق شەكىللەنگەن. ئۇلار ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەت دەۋرنىڭ

تەلىپىگە ماس ھالدا تەڭشەلگەن. بۇ ھال كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم دەۋرلىرىدىمۇ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ ماڭغان. كاپىتالىزم دەۋرىدە، كاپىتالىستىك ئەدەپ - ئەخلاق ئومۇمىي جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا تەڭشەپ تۇرغان بولسا؛ سوتسىيالىزم دەۋرىگە كەلگەندە سوتسىيالىستىك ئەدەپ - ئەخلاق سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان مۇھىم قورال بولغان. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي، قانۇن قاتارلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلانغاندىن باشقا يەنە ئەدەپ - ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشىگەن. ئىدىيەنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئەخلاقىي ئىدىيە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر دائىم ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە دائىملىق ھەرىكەتكە ئايلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قائىدىسىگە ئايلانغان ئەخلاق بولۇپ ھېسابلانغان.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەخلاقىي مۇناسىۋەت بولمىسا ئىجتىمائىي تۇرمۇشمۇ بولمايدۇ. ئەخلاقىي مۇناسىۋەت بىلەن باشقا مۇناسىۋەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئەخلاقىي مۇناسىۋەت ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئەخلاقىي مۇناسىۋەت ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھوقۇق، دىن قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان پەۋقۇلئاددە زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەخسىي مەنپەئەت بىلەن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي كوللېكتىپ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇناسىۋىتى ئىچىدە گەرچە سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، دىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش رولىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەخلاقىي تەڭشەش كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق كۆزقارىشىنى، ھېس ۋە ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاڭلىق يوسۇندا مەلۇم سىنىپنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە ئەخلاق قائىدىلىرى بويىچە ئۆز ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان، ئۆز ھەرىكىتى ۋە مەنپەئەتىگە قارىتا ئورۇنلۇق چەك قويالايدىغان ۋە قۇربان بېرەلەيدىغان روھنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەخلاقىي ھادىسىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. ئۇ ئەخلاقىي پائالىيەت ھادىسىلىرى، ئەخلاق قائىدىسى، ئەخلاقىي ئاڭ ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەخلاقىي پائالىيەت ھادىسىلىرى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ياخشىلىق ۋە يامانلىققا باھا بېرىشتەك پائالىيەت ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەخسلەرنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتى، ئەخلاقىي باھا، ئەخلاقىي تەلىم - تەربىيە قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەخلاق قائىدىلىرى ھادىسىسى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق، شەرەپ ۋە نومۇس، ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىزلىككە باھا بېرىدىغان ھەرىكەت مىزانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە ئىنكاسىدۇر.

ئەخلاقىي ئاڭ ھادىسىسى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان روھىي ھالەت جەريانى. مەلۇم بىر خىل كۆزقاراش، پوزىتسىيە، ھېس، ئەخلاقىي ئىرادە، ئەخلاقىي ئېتىقاد

هەم ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي نەزەرىيە سىستېمىسى ئەخلاق ئېڭى ھادىسىلىرىگە تەۋەدۇر. بۇلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەخلاقىي ئاڭ ھەرقايسى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئېڭى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇرۇق، سىنىپ ۋە مىللەتتىن ئىبارەت مەلۇم بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئېڭى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەلۇم بىر خىل ئومۇمىي ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە ئەخلاق قائىدىلىرى شەخسلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭى بىلەن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئەخلاق ئېڭىنىڭ بىرتۇتاش ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ئەخلاق مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان، ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئەخلاقىي ئېڭىدا ئىپادىلىنىشى دەل ھەر خىل ئەخلاقىي ئاڭنىڭ گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئەخلاق ئېڭىدا ئىپادىلىنىشى — كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەخلاقىي ئاڭ ھەم شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، ھەم ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، شەخستە يېتىلگەن ئەدەپ ۋە ئەخلاق، شۇ شەخس تەۋە ئائىلە، جەمەت، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە كوللېكتىپ ئەخلاقىنىڭ يېتىلىشى ۋە باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداق ئېيتىمىزكى، ئەخلاق بىر مىللەت، بىر دۆلەت خەلقى تەرەققىياتىنىڭ ئۇل تېشى. ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇتۇش، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىدىكى مۇھىم مەنىۋى ۋاستە. مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئۆزىدىكى ئەدەپ - ئەخلاققا سەل قارىشى ئۆزىنى

ئوراپ تۇرغان مۇھىت، ئۆزى تەۋە سىنىپ ۋە ئۆزى تەۋە ئۇرۇقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە سەل قارىغانلىق بىلەن باراۋەر.

## ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ تەبىرى

ئادەتتە ئىپتىلىۋاتقان «ئەدەپ-ئەخلاق» سىستېمىلاشقان قائىدىلەر دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئەخلاق قائىدىسى ياكى ئەخلاق ئۆلچىمى كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ۋە پىرىنسىپلاردۇر. ئېلىمىزدە قەدىمكى زامانلاردا «ئەدەپ-ئەخلاق» دېگەن ئۇقۇم كونكرېت ئۇقۇم سۈپىتىدە ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدىبلىرىمىز ئەدەپلىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇش، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ دائىرىسى، ئۇنىڭ مىزان - ئۆلچەملىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يازغان. ئېلىمىز قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئەخلاقىي ئىدىيە سىياسىي، پەلسەپە، ئۆزىنى تەربىيەلەش ئىلمى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، خەنزۇچە كىتابلاردىكى ئېتىكا (伦理) دېگەن سۆز يېقىنقى زاماندىكى ياپونىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىنگلىزچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياپونىيە ئارقىلىق ئېلىمىزگە كىرىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. غەربتە «ئېتىكا» دېگەن بۇ سۆز يۇنانچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئۆرپ - ئادەت دېگەندىن ئىبارەت بولغان. غەربنىڭ قەدىمكى ئالىم - ئۆلىمالىرى ھەمىشە ئەخلاقنى «ئەخلاق پەلسەپىسى» ياكى «كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى» دەپ ئاتىغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا «ئەخلاق» (道德) دېگەن ئۇقۇم ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولغان. ئادەتتە ئەخلاق ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ

ئۆزگىرىشى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە پرىنسىپىنى ئىپادىلىگەن. «قائىدە» (道) قانۇنىيەتكە قارىتىلغان. «نىيەت» (德) قانۇنىيەت ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى تەربىيەلەشكە قارىتىلغان. «ئەخلاق» (道德) دېگەن ئۇقۇم «قائىدە» (道) ۋە «نىيەت» (德) دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

«ئەخلاق» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ھەرىكىتىنى تەڭشەيدىغان مىزاننى كۆرسەتكەندىن باشقا، بەزىدە يەنە كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق - يامانلىققا باھا بېرىش، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، شەخسلەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى ۋە غايىۋى مەنزىلى قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسەتكەن.

غەربتە «ئەخلاق» دېگەن بۇ سۆز لاتىن تىلىدىكى «مولىس» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، كۆچمە مەنىدە كەلگەندە «ئەخلاق پرىنسىپلىرى»، «ئەخلاق قائىدىلىرى»، «ھەرىكەت پەزىلەتلىرى»، «ياخشى - يامانغا باھا بېرىش» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرگەن، ھازىر خەلقئارادا ئەخلاق ئۇقۇمى «ئېتىكا» دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا. «ئېتىكا» «ethics» سۆزى گرېك تىلىدىكى «ethos» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ethos» نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ماھىيەت»، «مىجەز - خاراكتېر» ۋە «ئۆرپ - ئادەت» دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىر خەلقئارادا قوللىنىلىۋاتقان «ethics» سۆزى مۇنداق ئىككى مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ: بىرى، مەنىۋى ئەخلاقنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئەخلاقنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ياكى ئەخلاق ئۇقۇمى بىلەن تەڭداش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە ئەخلاق بولسا كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان قائىدە - پرىنسىپلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي

ئاڭدىن ئىبارەت.

كىشىلەر جەمئىيەتتە ياشايدىكەن، چوقۇم ئادەملەر ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. مۇشۇلار ئوتتۇرىسى-دىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى ياشاۋاتقان بەلگىلىك جەمئىيەت ۋە ئۆزى تەۋە سىنىپ كىشىلەر ھەرىكىتىگە ھەر خىل تەلەپلەرنى قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى جەمئىيەت ياكى سىنىپ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەرىكەت پىرىنسىپى ۋە ھەرىكەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەخلاق پىرىنسىپى دۆلەتنى، خەلقنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، تەرەققىياتقا ماسلىشىش، كوللېكتىۋىزملىق روھنى يېتىلدۈرۈش، ئىنتىپاقلىق، ئىناقلىق ۋە تەرەققىياتنى تۈپلۈك نىشان قىلغان ئىلگىرىلەش يولىدا ئېغىشماي مېڭىشتىن ئىبارەت. كوللېكتىۋىزملىق روھ پىرولېتارىياتلىق ئىدىيەۋى سىستېمىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

كوللېكتىۋىزملىق ئەخلاقنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى بولسا، شەخسنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق كېلىشى، ئەگەر شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارلىققا كېلىپ قالسا، شەخسىي مەنپەئەت شەرتسىز ھالدا كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇش، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كوللېكتىپ مەنپەئەت بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى ئۆزئارا تەڭشەش پىرىنسىپىدىن ئىبارەت.

تىلىمىزدىكى «ئەدەپ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ماقال - تەمسىللەردە «ئەدەپ» سۆزى «ئەردەم» شەكلىدە مۇنداق كەلگەن:

ئەردەملىك كىشى ئەردەنى بىرلە تۈز ئول،

ئەردەمسىز كىشى ئەتۆك ئىچىندەكى ئولباق بىرلە تۈز ئول[2].
يەشمىسى:
پەزىلەتلىك كىشى خۇددى گۆھەردەك،
پەزىلەتسىز كىشى پىتەكتەك.

يۇقىرىقىدىن باشقا، «ئەدەپ» سۆزى «تۈزۈن» نامى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، مۇشۇ دەۋرلەردىكى شېئىرلاردا:

كۈن تەڭرى يارۇقىنتەگ كۆكۈزلۈگۈم بىلگەم،
كۈن تەڭرى يارۇقىنتەگ كۆكۈزلۈگۈم بىلگەم،
كۆرتلە تۈزۈن تەڭرىم، كۈلۈگۈم، كۈزۈنچۈم،
كۆرتلە تۈزۈن تەڭرىم، بورقانىم، بولۇنچىسوزۇم[3].

يەشمىسى:
كۆڭلى كۈن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم،
كۆڭلى كۈن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم،
گۈزەل پەزىلەتلىك، شۆھرەتلىك، قوغدىغۇچى تەڭرىم،
گۈزەل پەزىلەتلىك تەڭداشسىز بورھانىم تەڭرىم.

يۇقىرىقى شېئىردا «تۈزۈن» پەزىلەتلىك، ئەدەپلىك مەنىلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ سۆزنى يەنە داۋاملىق ئىستېمال قىلغان. بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە «ئەردەم» سۆزى شېئىرىي مىساللاردا مۇنداق ئۇچرايدۇ:

ئالغىل ئۈگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،

بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىلىك ئۇله[4].

يەشمىسى:

ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىله، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش. تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەپ ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت تارات.

ئەردەم تىله ئۆگرەنىپەن بولما كۆۋەز،
ئەردەمسىزىن ئۆگۈنسە ئەگمۈگۈز ئەگەر.

يەشمىسى:

پەزىلەت تىله، ئۆگىنىش بىلەن مەغرۇرلانما،
كىمكى پەزىلەتسىز تۇرۇپ مەغرۇرلانسا سىناقتا ھودۇقىدۇ[5].

ئوغلۇم ئۆگۈت ئالغىل بىلىكسىزلىك كەتەر،
تالقال كىمىڭ بولسا ئاگار بەكمەس قاتار[6].

يەشمىسى :

ئوغلۇم، ئۆگۈت نەسىھەت ئالغىن. بىلىمسىزلىكنى (ئۆزۈڭدىن) كەتكۈز. كىمنىڭ تالقىنى بولسا، ئۇنىڭغا شىرنە قاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، «ئەردەم» سۆزى «ئەدەپ» سۆزى بىلەن مەنىداش شەكىلدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بۇ ھال 13 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ئەشتىگىل بىلىگلىك نەگۈ دەپ ئايۇر،
ئەدەپلەر باشى تىل كودەزمەك دەيۇر.
تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سۇنماسۇن،

قالى چىقسا بەكتىن تېشىڭنى سىيۇر.

يەشمىسى:

بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن،
(ئۇلار) ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش دەيدۇ.
تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر ئۇ قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە تەبىئىي ھالدا سىڭىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب تىلىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تىلى بىلەن مەنىداش بولغان سۆزلەر ئومۇملىشىپ، ئەرەب تىلىغا مەنىداش بولغان ئەسلىدىكى ئۇيغۇر تىلى بارا ـ بارا ئىستېمالدىن قالدى.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش «ئەدەپ ـ ئەخلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئەردەم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلىدىكى «ئەخلاق» دېگەن سۆز دەسسەپ ئېغىز تىلىدا ۋە يازمىلاردا قوللىنىلىپ، بارا ـ بارا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئەرەب تىلىدىكى «ئەخلاق» سۆزى «خۇلق» نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «ئەخلاق» دېگەنلىك ھەرىكەت ۋە سۆز (پېئىل) دىكى ئەمەل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنە دائىرىسى بارا ـ بارا كېڭىيىپ كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ، كىشىلەر بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى مەلۇم نىسبەتتە تەڭشەپ تۇرىدىغان ھەرىكەت مىزانى ياكى شۇ كىشىنىڭ گەپ ـ سۆز، ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىدا دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ھالەتنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

تىلىمىزدىكى «ئەردەم، ئەدەپ» سۆزلىرى بولسۇن ياكى تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن «ئەخلاق» سۆزلىرى بولسۇن، ئۇلار ھېچقاچان سەلبىي ياكى ئىجابىي ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن باھا بېرىش رولىنى ئوينىمىغان. پەقەت ئۇلارنىڭ ئالدىغا «ياخشى» ياكى «يامان» سۆزىنى قوشۇش ئارقىلىق باھا خاراكتېرىنى ھازىرلىغان. بەزىدە بۇ سۆز «ئەخلاقلىق» دېگەن بولۇشلۇق شەكىل بىلەنمۇ، «ئەخلاقسىز» دېگەن بولۇشسىز شەكىل بىلەنمۇ باھا خاراكتېرىنى ھازىرلايدۇ.

## II ئائىلە ئەخلاقى ــ ھاياتلىق ئىززىتى

### ئادەم قۇلىقىدىن، ھايۋان تۇيىقىدىن سەمرىيدۇ

ئىنسان تەربىيەگە موھتاج. بۇ تەربىيە ھەربىر ئىنسان ئۇچۇن كىچىكىدىن باشلانسا ۋۇجۇدتا ساقلىنىشچانلىقى يۇقىرى، ئۇنۇمى زور، دەۋرلىنىشى ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ. تەربىيەنىڭ مەزمۇنى ھەر خىل بولۇپ، خۇلاسىلىگەندە، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق بولۇشتىن ئىبارەت.

ئەدەپ-ئەخلاق نەدىن ۋە كىمدىن باشلىنىدۇ؟

ئىنسان بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، قىز ۋە ئوغۇلنىڭ رىزا ۋە رازىلىقى، جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقى ئاساسىدا نىكاھلىق بولىدۇ. ئىككى ياشتا بەرپا بولغان ساپ ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى بىلەن تەن ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان پەرزەنت ئانا قارنىدا تۇرۇپلا تەربىيەگە موھتاج بولىدۇ. بۇ تەربىيە جىسمانىي ۋە مەنىۋى تەرەپتىن بولىدۇ. جىسمانىي تەربىيە ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان يېمەك - ئىچمەك، بەدەن ھەرىكەتلىرى يېقىدىن بولسا، مەنىۋى تەربىيە ئانىنىڭ كۆڭۈلدىكى پائالىيەتلەردە مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆز ۋە ئومۇمىي خۇلق (پېئىل) لىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئانا ئۆزىنى گۈزەللەشتۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ۋۇجۇدىدىكى ئۇرۇق ئېلىپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتىنىمۇ ئېسىل خۇلق بىلەن گۈزەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ھايۋانىي خۇسۇسىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئادىمىي ساپاغا ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال شۇ ئانا ھايۋانىي

ھېرىسلەردىن خالىي، شەيتانىي خىسلەتلەردىن يىراق بولۇپ، مەلىكانىي خۇسۇسىيەتلەر (ئادىمىي ئەدەپ-ئەخلاق) بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىنى تويۇندۇرغان بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئانىنىڭ بۇرچى تۇغۇش ئەمەس، بەلكى تەربىيەلەشتە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قاتتىق تۈگۈنلەرنى يۇمشاتقۇچى، ۋۇجۇدىدىكى تۆرەلمىنى ھايۋان ئەمەس، بەلكى ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بىقىياس ئامەت ئۈنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان. پەرزەنتنى تەربىيەسىز قالدۇرۇش ماھىيەتتە ئۆزىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئەۋلادنى ساپاسىز قىلىش دېمەكتۇر. ۋۇجۇدتا ھەم جىسمانىي جەھەتتىن، ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ياخشى تەربىيە ئالغان پەرزەنت تۇغۇلغاندا تولۇق يېتىلگەن، تەندۇرۇس، روھىي ھالىتى ساغلام بولىدۇ. ئۈنىڭ بوۋاقلىق ۋاقتىلىرىمۇ گۈزەل تەبىئەتلىك، مۇلايىم، كۆلگۈنچەك، ئىنتىلىشچان بولۇپ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ.

پەرزەنتكە بولغان ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيەسى ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر تەربىيە ئەخلاق تەرىپىدىن چەتلىنىپ، تەربىيە ئۈچۈنلا تەربىيە بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا پەرزەنت ئۆرە ماڭالايدىغان ھايۋانغىلا ئوخشاپ قالىدۇكى، ئۇنىڭدا ئادىمىي ھايا، ئادىمىي ساپا بولمايدۇ. ئەخلاقىي تەربىيەنى تەن جازاسى ياكى تەنبىھنى ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىنى قەدىرلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئىش - ھەرىكەتتە توغرا نىيەتلىك، ئادىل ۋە سەمىمىي بولۇشقا ئۈندەشنى مەقسەت قىلىشى لازىم. بۇنداق تەربىيەنىڭ شەرتى ئاتا - ئانىغا بولغان ھۆرمەتنى، ئۇلۇغ تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇنى سۆيۈشكە بولغان ئىنتائەتنى، ۋەتەن ۋە خەلقنى سۆيۈشنى، ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت.

بالىسنى كىچىك، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ قاراپ، يامان سۆز، يامان ھەرىكەتلەردە بولۇش، غەيۋەت - شىكايەت قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىش ياكى شۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش، يالغان سۆزلەش، يامان خۇيلۇق، ئاچ كۆز، پىخسىق بولۇش باللارغا يامان تەسىر بېرىدىغان ئادەتلەردىندۇر. ئاتا - ئانا ھەرقانداق ۋاقىتتا پەرزەنتىگە ئۆز تىلى ئارقىلىق گۈزەل خۇلق، ياخشى سۆزلەرنى ئۆگەتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ناچار بولسا، ئۇ ئوخشاشلا بالىغا يامان خۇلق ئۆگەتكۈچى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، باللار دورامچىلىق قىلىشقا، تەقلىد قىلىشقا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى باللار ئۈچۈن ئۆرنەك بولىدۇ. شۇ تۇپەيلى بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان، يامان خۇلقلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرى ئېغىشماي شۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ خۇي- پەيلىنى تارتىپ، ھېچكىمدىن تەپ تارتمايدۇ، ھايا قىلمايدۇ، ئاقىۋەت ئوخشاشلا جامائەت ئارىسىدا ھۆرمىتى، ئورنى بولمايدۇ. بۈيۈك تاتار ئالىمى رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن[7] ھەزرەتلىرى مۇنداق دېگەنىكەن: «ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر - قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى ئەڭ مۆتىۋەر كىشىدۇر، ئەخلاقسىزلار خەلق ئارىسىدا قەدىرسىزدۇر».

«ئادەم بالىسىنىڭ ياش چېغىدا ئۆگەنگەن ئادىتى ئۇنىڭ بىلەن تا قەبرىغىچە مەڭگۈ بىللە بولىدۇ. شۇڭا، گۈزەل ئەخلاقنى ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆگىنىش كېرەك. گۈزەل ئەخلاق ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر، ئەخلاقسىز قىزلار ياخشى نام چىقىرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتىۋارىمۇ بولمايدۇ. گۈزەل خۇلقنىڭ ئانىسى ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر. بىر قىزدا ھايا بىلەن ئىپپەت بولسا، گۈزەل خۇلقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا بولىدۇ. تەكەببۇرلۇق، يالغان

سۆزلەش، گەپ - سۆز تۇشۇش، ئارسىز-نومۇسسىزلىق، ئەدەپ-قائىدىلەرگە ئېتىبارسىز قاراش - هاياسىزلىق ۋە ئىپپەتسىزلىكتۇر.» ئالىمنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى ئادەم بالىسىنىڭ ئىززىتى ۋە هۆرمىتى ئۇنىڭ ئۆزىدە بەرقارار بولغان ئەدەپ-ئەخلاق ئۇستىدە بولۇۋاتىدۇ. ئەدەپ-ئەخلاق ئادەمنى بۈيۈكلۈككە ئىگە قىلىدىغان، پەقەت ئۆزى بىلەنلا كەتمەي، بەلكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتىدۇر.

## ئىلىم ئۆگەتمەك ئاتا-ئانىغا قەرز، ئىلىم ئۆگەنمەك قىز-ئوغۇلغا پەرز

پەرزەنت ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئاتا قىلغان ئەڭ زور نېمىتى. پەرزەنتنى ئەدەپلىك، قائىدىلىك، تەرتىپلىك قىلىپ تەربىيەلەش هامىلە ۋاقتىدىن باشلىنىشى لازىملىقىنى بىلىپ يەتكەنىكەنمىز، يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئوقۇش يېشىغا يېتىشتىن بۇرۇن پەرزەنتلەرگە ياخشى ئەخلاق تەربىيەسىنى ئۆگىتىشنى دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئاتا - ئانا ئوقۇش يېشىغا يەتكەن پەرزەنتىنى ئىلىم - بىلىم بىلەن تەربىيەلىمەكنىمۇ ئۆزىنىڭ قەرزى دەپ بىلىشى لازىم. هەربىر ئىنسان ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيەسى بىر نىشان ۋە بىر مەقسەت مەسىلىسىدۇر. پەرزەنتنى قانداق تەربىيەلەش ئەڭ ئاۋۋال پەرزەنتنى قايسى نىشانغا، قايسى يولغا ۋە قايسى مەۋقەگە ئاتاشتىن باشلىنىدۇ. نىشانسىز، مەۋقەسىز تەربىيە ئىنسان ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەس. هەرقانداق ئادەم پەرزەنتىنىڭ جەمئىيەتكە يارامىلىق، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلالايدىغان، بىلىملىك، ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، ئارزۇغا لايىق تەدبىر بولمىسا، ئارزۇ ئارزۇ پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. پەرزەنتلەرنى ياخشى

خۇلقلىق قىلىپ تەربىيەلەش ياكى ئائىلە تەربىيەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ. پەرزەنتنىڭ تەربىيەلىنىشىدە ئائىلە (ئاتا ـ ئانا)، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيەسى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بىز ئادەتتە ئائىلە تەربىيەسىنى ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيەسى بىلەن بىردەك چۈشىنىمىز. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى، گۇناھ، يامان ئىللەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلماسلىقى، بۇيرۇغان ئىشنى دەل ۋاقتىدا بېجىرىپ، بۇيرۇقنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقىشى قاتارلىقلارنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قاراپ، مۇشۇنداق ئىشلارنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن پەرزەنتلەرنى ئەخلاقلىق، ياخشى بالا دەپ قارايمىز. تازا ئىنچىكىلەپ قارىساق، بۇنىڭدا ھېچقانداق يامان تەرەپ يوقلۇقىنى، لېكىن كەم تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. كەم نەرسە نېمە؟ ئىقتىدار، ساپا مەسىلىسى پەرزەنتتىكى كەم نەرسە. بىلىم دائىرىسىنىڭ تارلىقى، ئۇچۇر ئىگىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى، كۆنسېرۋاتىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى بىلىملەردىن خەۋەرسىز قېلىشى پەرزەنتلىرىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق. كۆن ئۆتسىلا كۆپايە، ئاچ قالمىساق، قەرزدار بولۇپ قالمىساق، كىشىگە يامان كۆرۈنمەي، ئۆتكەن كۈننى غەنىيمەت بىلىش ئەڭ ئاقىللىق دەپ قاراپ، مۇرۇۋۋەت يەتكۈزۈشتىن مەھرۇم بولۇش، ئۇلۇغ تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان ھوش، ئەقىل ـ ئىدراك ئارقىلىق پىنھانىنى سېزىپ ۋە ئۇنى قېزىپ چىقىرىپ بەھرىلەنمەسلىك ۋە بەھرىلەندۈرمەسلىك، ئادىمىيلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ تەبىئەتكە بولغان سۆيۈنۈشنى ئىپادىلىمەسلىك، تەبىئەتنى قوغداپ ئۇنى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەپ تونۇماسلىق ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقتۇر. ئەتراپىمىزغا، بولۇپمۇ ئائىلىمىزگە دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، ئەخلاقلىق، ئەمما قولىدىن ھېچقانداق ئىش

كەلمەيدىغان، ئۆز ئىقتىدارىنىمۇ بىلىپ يېتەلمەيدىغان پەرزەنتلەر بار. ئادەم ئۈچۈن بىلىم ۋە ئىقتىدار خۇددى ئەخلاقتا ئوخشاش مۇھىم.

ئەمەلىي مىسال:

بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەكتەپ پۈتكۈزۈپ بىر يېزىغا خىزمەتكە چۈشۈپتۇ. ئۇ بۇ يېزىدا ئەتىۋارلىنىپ ياتاق-تاماقلىرى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىشخانا، كومپيۇتېر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لازىمەتلىكلەر ھازىرلىنىپ، پەقەت خىزمەت قىلىسىلا بولغۇدەك شارائىت يارىتىلىپتۇ. ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئەتىسى بىر چوڭ يىغىن ئېچىلماقچى بولۇپ، يىغىن ھۆججىتى خەنزۇچە تەييارلانغانلىقتىن، يېزا سېكرېتارى يېڭى كەلگەن خادىمغا: ئۇيغۇر تىلىدا: «ھۆججەت خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغانىدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى چۈشىنەلمەيدۇ، سەن بىر كۈن ئىچىدە ھۆججەتنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، كومپيۇتېردا ئۇرۇپ چىقارغىن، ھۆججەتنى ئۇيغۇرچە يەتكۈزىمەن» دەپ تاپىلاپتۇ. ھۆججەت تۆت بەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېلىقى خادىم ئۇنى بىر كېچە - كۈندۈز ھەپىلىشىپ پەقەتلا تەرجىمە قىلالماپتۇ. ئەتىسى يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن سېكرېتار ھۆججەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىگە تارقىتىپ بېرىشنى ئېيتقانىكەن، ھېلىقى خادىم تەمتىرەپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. سېكرېتار ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەي يىغىننى ئۇيغۇرچە سۆزلەپ ئېچىۋېرىپتۇ. لېكىن، سېكرېتار خېلى بىر مەزگىلگىچە ھېلىقى خادىمغا ھېچ ئىش تەقسىم قىلماپتۇ. ئۇ پەقەت قۇرۇق ئىشخانا ساقلىغۇچى بولۇپ قاپتۇ.

بۇ بىر ئەمەلىي مىسال. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلىم ۋە ئىقتىدارنىڭ ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى

مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى دوكتور يۇسۇپ قەرازۋى «...... بىلىم ئېلىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى قاتارلىقلار ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ (ئۆزىنىڭ تىلىنى پىششىق بىلگەندىن سىرت) باشقا مىللەت تىلىنى ئۆگىنىشى پەرزدۇر» دېگەن. پەرزەنتلىرىنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەشتە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا - ئانىلار ئاز ئەمەس. كىشىلەرگە يارايدىغان، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاسانلىقچە شاللىنىپ كەتمەيدىغان ئادەم ئەدەپ-ئەخلاقتا ياندىشقان بىلىم، ساپانى ئۆزىگە يار قىلغان ئادەمدۇر. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ۋەزىپىسىدىن تاشقىرى يەنە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئاشۇ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش شۇ كىشىدىن بەلگىلىك ساپا ۋە ئىقتىدار تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ساپا ۋە ئىقتىدار ھازىرلانمىغاندا، ئۇ ئادەم ھەرقانچە ئەدەپلىك، مۇلايىم، چىرايلىق، ئەخلاقلىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ بەلگىلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ئادىمىيلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

دېمەك، ئادىمىيلىك تەربىيەسىدە ياشاۋاتقان ئادەمدە دەۋر ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ئىقتىدار، ساپا ھازىر بولۇشى، ئۇ ئەۋلاد ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، بۇ خىزمەتتىن ھوزۇر - ھالاۋەت ھېس قىلغان ئىنسان ھوزۇرلىنىشنى بىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە يېڭىنى ئىختىرا قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىشى لازىم. يۇقىرىقىلار ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم قەرزلىرىنىڭ بىرى. «قەرز»نىڭ ئالغاندىن كېيىن بېرىش ياكى قايتۇرۇش زۆرۈر بولغان نەرسە دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئاتا - ئانا بۇ قەرزنى ئاتا - ئانىسىدىن

ئالغانىكەن، ئۇنى يەنە ئاتا - ئانىسىغا ياخشى ئەمەل، ياخشى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق قايتۇرۇپلا قالماستىن، پەرزەنتىگە قايتۇرىدۇ. ئىلىم ئىگىلىمەكنى پەرز دەپ بىلگەن پەرزەنت مۇقەررەركى بۇ پەرزنى ھاياتىدىكى چوقۇم ئورۇنلاشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماقلىقى لازىمدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگەنگۈچىدە چىدام ۋە غەيرەت، نىشان ۋە پىلان بولۇشى لازىم. چىدام ۋە غەيرەت نىشان ۋە پىلانىنىڭ ئىجرا بولۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىل.

ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشتىمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ ۋە ئەخلاق بولىدۇ. ئۆگەنگۈچى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپنىڭ بىرى، نېمىنى ئۆگىنىشنى بىلىش، بىلگەننى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشتۇر.

## بالاڭنى ئۆگەتسەڭ ئەدەپكە، ئېرىشسەن سەدەپكە

دۇنيانى چۈشەنمەك، سىرلارنى يەشمەك، غايىبنى بىلمەك ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسە ئىلىم. ئىلىم پەزىلەتنى ھەرقاچان ۋە ھەرقانداق دەۋردە ئەقىل بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىلىم ۋاستىسى بىلەن ھەقىقەتنى تونۇغىلى، ئۆزىنى ئەبەدىيلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. ئىلىم روھ لەززىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، روھىي قۇۋۋەت ۋە روھىي لەززەتسىز جىسمانىيەتنىڭ قۇۋۋىتى ۋە لەززىتىنى ھېس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىنىڭ مەرتىۋىسى ئىلىم ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ روھىنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىدىغان نەرسىمۇ ئىلىم بولىدۇ. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھانىسى «قۇتادغۇبىلىك»تە:

ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.

ئۆسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بۇيۇر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

دەيدۇ. ئالىم بۇ يەردە بىلىمنىڭ ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى رولى ئۈستىدە توختىلىپ، ئىنسانىنىڭ ئەقىللىكلىكىدىن ئىناۋىتى ئاشسا، بىلىمى ئارقىلىق بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ دەيدۇ. ئالىم ئېيتقاندەك، ئىلىم مەرتىۋىسى ناھايىتى پۇختا ۋە مۇستەھكەم مەرتىۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ماكان ۋە زاماندا يوقىلىش خەۋپى پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس.

پەرزەنتنى ئەدەپكە ئۆگىتىش ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئائىلىنىڭ پەرزەنتكە بولغان تەربىيەسى ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ پەزىلەتلىرى، ھەرىكەت قىلىقلىرى، گەپ - سۆز ۋە باشقىلار بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇئامىلىلىرى ئارقىلىق بولىدۇ.

ئاتا - ئانا ئالدىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئىش ھەقنى تونۇش بىلەن بىرگە، پەرزەنتكە ھەقنى تونۇتۇش ۋە ئۇنى خۇلقلىق ۋە بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەش. ئاتا - ئانىنىڭ ھەق - ئادالەتنى تونۇماسلىقى ئۆزىنى بىلمەسلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۆزىنى بىلمىگەن ئادەم باشقىلارنى بىلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئاتا - ئانا پەرزەنتلەرنىڭ ھازىرەن ۋە كەلگۈسىدىكى مەسئۇلدۇر. ئاتا - ئانا بۇ مەسئۇلىيەتنى مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقى دەپ تونۇغانىكەن، پەرزەنتىنى ئۆز ئەمەل - ھەرىكەتلىرىنىڭ، نەسەب - شەجەرىلىرىنىڭ ۋارىسى دەپ بىلگەنىكەن، پەرزەنتىنى كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلەشكە، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلمىكى لازىمدۇر. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

# ئۆلۈغ تەبىئەتنى تونۇ ۋە ئۇنى ھاياتلىق مەنبەسى دەپ بىل

ئۇلۇغ تەبىئەت بىزگە ھاياتلىق بەرگۈچى. ئۇنى تونۇش ھاياتىمىزدىكى ئىزگۈ مەقسەت. شۇڭا، پەرزەنتلەرگە تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلدۈرۈش، ئۇنى جان - دىل بىلەن قوغداش، ئۇنى ھاياتلىق مەنبەسى دەپ تونۇشنى چىن دىلى بىلەن بىلدۈرۈش لازىم. بالىلارنىڭ ئەقلى كۆنسېرى ئۆسۈپ، تەرەققىي قىلىپ، بىلىدىغانلىرى جۇغلىنىپ، چۈشىنىشى چوڭقۇرلاپ بارىدۇ. بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانىنىڭ يېتەكلىشى، ئۆگىتىشى، بىلدۈرۈشى ۋە چۈشەندۈرۈشى بىلەن بولىدۇ. تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنى سۆزلەش، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە زاماندىش ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلىش بالىلارنى بۇ ھەقتە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا يېتەكلەش ئاتا-ئانىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي بۇرچلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇ مەسىلىنى دىققەتتىن چەتتە قالدۇرۇشقا بولمايدۇكى، ئۆگەتكۈچى بىلەن ئۆگەنگۈچى ئوتتۇرىسىدا چىن ئىخلاسى بىلەن ئۆگىتىش، سەمىمىيلىك بىلەن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بىرلىك مۇناسىۋىتى بولمىسا، ئۇ يالغان ئۆگىتىش بىلەن قارىسىغا ئۆگىنىش مۇناسىۋىتى بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا چوقۇم پەرزەنتكە ئۆگەتمەكچى بولغان بىلىمنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى بىلگەن بولۇشى لازىم. ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى پەرزەنتلىرىگە ئۆگەتمەن دېيىش ياكى ئۇلارنى ئۆگىنىشكە زورلاش ھوسۇلسىز ئەمگەككە ئوخشاپ قالىدۇ. رىزائىددىن فەخرىددىن ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تەربىيەچىلەرنىڭ راستلىق بىلەن تەربىيە قىلماقلىرى بالىلارنىڭ ھەر ئىشتا راست سۆزلۈك،

توغرا بولۇشىغا؛ يالغان سۆزلەر بىلەن تەربىيە قىلىشى باللارنىڭ يالغانچى بولۇشىغا؛ باللارنى قارغاشلىرى باللارنىڭ بەختسىز بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىككى تەربىيەچىنىڭ بىر ـ بىرىگە خىلاپ رەۋىشتە تەربىيە قىلىشلىرى باللارنىڭ ئادىمگەرچىلىكتىن چىقىشىغا سەۋەب بولغۇسىدۇر.»

ئائىلىدە ئاتا بىلەن ئانا بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاپ، ئىشلارنى يۈرۈشتۈرسە، پەرزەنت چوقۇم ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئۈلگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالىيجانابلىق ئەدەپلىرىنى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئەدەپلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ ـ دە، چوڭ بولغاندا ئاتا ـ ئانىنىڭ ماڭغان يولى، تۇتقان ئەمەللىرىنى چىقىش قىلىپ، تۇرمۇش يولىدا توسالغۇسىز ئىلگىرىلەيدۇ.

## پاكىزلىقنى ساقلا

بىزدە كىيسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. بۇ سۆز يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ پاكىزلىقى، ساپلىقى ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىشتا ۋاستە بولغان قول، قازان ـ قومۇچ، قاچا ـ قۇچىلارنىڭ پاكىز ياكى مەينەتلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پاكىزلىق ئەڭ ئاۋۋال پەرزەنتنىڭ قول، پۇت، يۈز ـ كۆزلىرى ۋە باشقا بەدەن ئەزالىرىنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلاشتىن باشلانغىنى ئەۋزەل. پەرزەنتلەرگە تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئۇلارنى سۇنى ئېقىتىپ تۇرۇپ (جۈمەك، چەينەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردە) يۇيۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، يۇغاندا پاكىز يۇيۇش، چىشنى دائىم چوتكىلاپ تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈش. سۇنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۇغاندا، بەدەن ئەزالىرىدىكى مىكروب ۋە ۋىرۇسقا ئوخشاش تېز يۇققۇچى نەرسىلەرنىڭ بەدەنىنىڭ مەلۇم بىر

ئەزاسىدىن يەنە باشقا بىر ئەزاسىغا يۇقۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## گەپ - سۆزدە سىلىق، مۇلايىم، توغرا سۆزلۈك بولۇش

گەپ - سۆزدە سىلىق، مۇلايىم، توغرا سۆزلۈك بولۇش كىشىلىك مۇئامىلىدىكى ئەدەپنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى. سىلىق - سىپايە سۆزلەش قارشى تەرەپنىڭ شۇ كىشىگە نىسبەتەن چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. توغرا سۆزلۈك بولۇش — سۆزلىگۈچىنىڭ ئىناۋىتى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، قارشى تەرەپتە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ. چۈشىنىش بىلەن ئىشەنچ كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلىلەردە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئاتا - ئانىلارنىڭ بىر - بىرىگە يالغان سۆزلىشى بالىلارغا يالغان سۆزلەشنى ئۆگەتكەن بىلەن ئوخشاش. ئائىلىدە تاماق ۋاقتىدا ياكى باشقا ۋاقىتلاردا غەيۋەت - شىكايەت بىلەن بولماق، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ ئۇنى سۆكمەك ياكى قارغىماق ئوخشاشلا بالىلارغا يامان خۇلق، يامان ئادەتنى ئۆگەتكەن بىلەن باراۋەر.

## تاماق يېگەندە ئەدەپنى ئۇنتۇما

تاماق يېيىش ئادەتتە يېمەك - ئىچمەكنى قورساققا كىرگۈزۈشلا بولىدىغاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپلىرى بار. تاماق ۋاقتىدا داستىخان ياكى تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ جەم بولۇشىنى كۈتۈش،

ھەممەيلەن ھازىر بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال چوڭلاردىن باشلاپ تاماققا ئېغىز تېگىش، تاماق يېگەن ۋاقىتتا قوشۇق، چوكىلارنىڭ چىنە ـ قاچىلارغا قاتتىق تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، تاماقنى شالاپشىتىپ يېمەسلىك، چاينى ئاۋازلىق سۇمۇرۇپ ئىچمەسلىك، تاماقنى ئالدىرىماي چايناپ يۇتۇش ئەدەپ جۈملىسىدىندۇر. تاماق ۋاقتىدا تاسادىپىي ئىشىك چېكىلىپ بىراۋ مەلۇم بىر ئىش تۈپەيلى كەلگەن بولسا، ئۇنى چىن دىلى بىلەن تاماققا تەكلىپ قىلىش، ئۇنىمسا ئۆزرە بىلەن ئۇزىتىپ قويۇش لازىم. مېھمانلار بىلەن تاماق يەۋاتقاندا پات ـ پات مېھماننى تاماققا تەكلىپ قىلىش، ئۆزى بولسا مېھمانغا چاي قۇيۇپ تۇرۇش لازىم.

بۇنداق قىلىشنىڭ بالىلارنىڭ كەڭ قورساق، مېھماندوست بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا بەلگىلىك رولى بار.

## ئىش ـ ئەمگەك زېھىننى ئاچىدۇ

ئائىلىدىكى ھەر خىل مەشغۇلىيەت بالىلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئاچىدىغان، زېھنىي قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈرىدىغان ياخشى پۇرسەت. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بالىلارنى ھەر خىل زىرائەت، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش، شەھەرلەردە تەبىئەت ۋە ھايۋانلارنىڭ مودېللىرى، رەسىملىك كىتابلىرىنى كۆرسىتىپ دەسلەپكى قەدەمدە ساۋاتقا ئىگە قىلىش، ھايۋانات باغچىلىرى ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردىكى تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچراشتۇرۇش ئۆسمۈرلەرنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى بىلىمى ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى بىلىش، ئۆزىنىڭ تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى تونۇش، تەبىئەتنى ئاسراش ماھىيەتتە ئۆزىنى ئاسراش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

# چوڭلارنى ھۆرمەتلىسەڭ ئىززەت تاپىسەن

ئاتا - ئانا ۋە ئۆزىدىن چوڭلار ماھىيەتتە ياش، ئەقىل ۋە بىلىم جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى ۋە بىلىمى ياشلار ئۈچۈن ئۆرنەك. ئۇلارغا نىسبەتەن قەلبتە سۆيگۈ يېتىلدۈرۈش، مېھىر - مۇھەببەت ئويغاتماق ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ساۋات. سۆيگۈ ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئادەمنىڭ روھىي ئوزۇقى، سۆيگۈ ۋە مېھىر - مۇھەببەت بولغاچقا، كىشىلىك دۇنيادا ئاجايىپ مۆجىزىلىك ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئىنسان ئاتا - ئانىنى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. پەرزەنتنى ئاتا - ئانىنى ۋە ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەشكە ئۆگىتىش چوقۇم ئاتا - ئانىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدىن باشلىنىشى لازىم. ئاتا - ئانا ۋە ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ يوسۇنلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. ئادەتتە ئاتا - ئانا ۋە چوڭلارنىڭ گېپىنى يېرىماسلىق، ئۇلارغا ئېغىرنى سېلىۋالماسلىق، تاماققا ۋە يېمەك - ئىچمەككە ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتماسلىق، قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئولتۇرغاندا ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىش، ئۇلارنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلاش...... قاتارلىق ئىشلار شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. يېقىندا بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا باردىم. مەندىن باشقا مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا بولغۇچى دوستۇم ئوتتۇرىسىدا ساھىبخانىنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ھال ئەھۋالى توغرۇلۇق گەپ - سۆز بولدى.

— ھەي، نېمىسىنى دەيسەن ئاداش، ئۇ كىشى بالىنىستىتا يېتىپ قالدى، ئالدىنقى كۈنى مەھەللىدىكىلەر بىلەن دوختۇرخانىغا يوقلاپ كىرگەنىدۇق، قارايدىغانغا ئادىمى يوق، جايىغا تەرەت

قىلىپ يېتىپتۇ. قوشنا كارىۋاتتىكىلەر ئانچە - مۇنچە قاراشقان بولسىمۇ، لېكىن......

— بالىلىرى، ئايالى بار ئىدىغۇ؟— سورىدى مېھمان.

— ئايالى، بالىلىرىغۇ بار، لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئەسقاتمىدى. ئايالى ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلمىسا بولمىغان، بالىلىرى چولىسى تەگسە دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىدىكەن. كىرسىمۇ، ئانىسى ئەتكەن تاماقنى بېرىپ قويۇپلا چىقىپ كېتىدىكەن. ئىتنىڭ كۈننى كۆرۈۋېتىپتۇ دەڭلا ئۇ.

— ئۇنىڭغا بۇ كۈنمۇ تېخى ئاز،— دېدى يەنە بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ.

— ئۇنىڭ ئانىسى ئۇ تۇيىنى قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بەندىچىلىك قىلغانىدى. بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا دادىسىنى يالغۇز قويۇپ ھوقۇقىغا تايىنىپ سېتىۋالغان ئۆستەڭ بويىدىكى ئاۋۇ ئۆيگە ئۆي ئايرىپ چىقىۋالدى. دادىسى بىچارە كۈندە دېگۈدەك مەھەللە بويىدىكى تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. قانداق ۋاقىتتا تاماق يەيدىغانلىقىنى، نېمە يەيدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن گەپلىشىپ تۇرسام، ئۇ ئۆيىدىن چىقىۋىدى، قارىسام ھازىرلا تاماق يەپ چىققان ئوخشايدۇ، بىر قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغان، بىر قولىدا بىر تال سەرەڭگە تىلى بىلەن چىشىنى كولاپ، چىشىنىڭ كىرىنى تۈكۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىدىن گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ دادىسىغا قارىغانىدىم، بىر ھەسرەتلىك تىنىقنىڭ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپەسلىرىنى شىددەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاغزىغا پاتماي ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. دادىسىغا تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىر ۋاق تاماققا ئەسقاتمىغان ئۇنداق گۆيىغا ھوقۇقمۇ ئۆمۈرۋايەتلىك بولىدىمۇ؟ بولالمىدى ئەمەسمۇ!؟ — دېدى دوستۇم ھەسرەت بىلەن.

بالىلارنى پات - پات قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقىپ ئاتا-بوۋىلارنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، ئاخىرقى ھېسابتا بارىدىغان يەرنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش — ھاياتلىقتا گۇناھكەبىرلەردىن ساقلىنىپ، ياخشى نام قالدۇرۇش، زىيادە پىخسىق ۋە بېخىللاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشتا بەكمۇ ئەھمىيەتلىك.

ئىزگۇ نىيەتتە مەڭگۇلۇك نام قالدۇرۇشنى ئويلاش ھەممە ئادەمنىڭ شېرىن ئارزۇسى. لېكىن، ئۇ ھەرىكەتتىكى ئەمەلدە ئىشقا ئاشىدىغان، ئۇزاق مۇددەتتە نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ دائىملىق ھەرىكەتكە ئايلىنىشى خېلىلا قىيىن. ياخشى نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ھەمىشە قايغۇدىن خالىي بولۇپ، ھەربىر قەدىمى، ھەربىر ئېغىز سۆزى ۋە ھەربىر ھەرىكىتى ئۆزى ئۈچۈن تەن راھىتى، ھايات لەززىتى بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ياخشى نىيەتنى پۈتۈن دۆلەت دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلىدە قىلچە ئازاب ھېس قىلمايدۇ.

ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتى، ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا قىلغان خالىس ياردىمى شۇ ئىنسانغا ۋىجدانىي تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋىجدانىي خىتابىنى دىلىغا جارى قىلغان ئۇلۇغ تەبىئەت شۇ كىشىگە نىيەت ۋە ھەرىكىتىگە مۇناسىپ ھەدىيە ئاتا قىلماي قالمايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى بىر تەندىكى ئەزالارغا ئوخشايدۇ، تەندە بىر ئەزا زەخىملەنسە پۈتۈن تەن سىرقىراپ ئاغرىيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، پەرزەنتنىڭ تەربىيەسىز قېلىپ زەخمەتكە ئۇچرىشى پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا كەلگەن ئومۇمىي زەخمەتتۇر. بارلىق ئىنسانغا مېھىر - مۇھەببەتمۇ مۇشۇنداق تونۇلسا، دېمەك پەرزەنتكە قىلىنغان تەربىيە ئارقىلىق ئېرىشىلگەن رەھمەت — غەۋۋاس دېڭىز ئاستىدىكى قولۇلە قېپىدىن ئالغان سەدەپكە ئوخشايدۇ.

## بىلىم ــ ئەقىل بۇلىقى

يۇقىرىدا پەرزەنت تەربىيەسىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلگىلىك رولى ۋە تەربىيە مەزمۇنى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. پەرزەنت ئەجدادنىڭ داۋامى، نەسەب ـ شەجەرىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىكەنمىز، مۇقەررەركى ئۇنىڭغا ئەستايىدىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ ياخشى تەربىيەلىمەك زۆرۈر.

پەرزەنتكە بولغان تەربىيە ئائىلە تەربىيەسىدىن تاشقىرى، مەكتەپ تەربىيەسى ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. مەكتەپ دېگىنىمىز پەننىي بىلىملەرنى بەلگىلىك قائىدە ـ تۈزۈم ئاستىدا مۇئەللىمنىڭ تەربىيەسى ئارقىلىق سىستېمىلىق ئۆگىتىدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز بىلىمىگە ئايلاندۇرىدىغان ئورۇن. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى يالغۇز ئائىلە تەربىيەسىدىلا قالدۇرماي، مەكتەپ تەربىيەسىنىمۇ قوبۇل قىلدۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى لازىم. ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن كىتابىي بىلىمنىڭ ئادەم ئۈچۈن قىممىتى ناھايىتى زور بولىدۇ. مەكتەپتە مۇئەللىملەر ئۆگەتكەن بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاش، چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز بىلىمىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنى تاپشۇرۇق ئىشلەشكە زورلىماستىن، ۋاقىت چىقىرىپ بۈگۈن مەكتەپتە قانداق بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ نېمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى چۈشەنگەن ـ چۈشەنمىگەنلىكىنى ئەستايىدىل سوراشى؛ بىلمىگەنلىرىگە ئۆزى بىلگەنچە جاۋاب بەرمەستىن، بىلدۈرىدىغان ۋاستىلەر ياكى بىلىدىغان ساۋاقداشلىرىنى تەكلىپ قىلىپ

بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆگەنگەنلىرىنى ئەستە ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئادەمنىڭ ئادىمىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىشتە كۆپرەك بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئىچكى ئالىمىنى ھېچقانداق نەرسە كىتابتەك يورۇتالمايدۇ ۋە بېيىتالمايدۇ. چۈنكى، ئادەم كىتابنى ئۆزى تاللاپ ۋە خالاپ ئوقۇيدۇ. ئۆزى خالىغانىكەن، دېمەك ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆز خاھىش - ئېتىبارىغا ماس ھالدا قەلب زېمىنىغا ئېقىپ كىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىلىمگە، پاراسەتكە ئىگە بولىدۇ. مەكتەپتە ئۆگەنگەن كىتابىي بىلىملەر، مۇئەللىملەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى، ساۋاقداش-لىرىنىڭ مۇستەقىل كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلىرى، مۇنازىرە - مۇتالىئەلىرى ئۆگەنگۈچى ئۈچۈن بىلىش يولى ۋە ئۆزلەشتۈرۈش يولى ھېسابلىنىدۇ. ساۋاقداشلىرىنىڭ مۇتالىئەسى ئارقىلىق ئۆزىگە باھا بېرەلىسە مۇئەللىمنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ ئۆزىدە ئىشەنچ تۇرغۇزالايدۇ، ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ. دوستلىرى بىلەن ھەمساۋاق، ھەمسەپەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ. بارا-بارا كوللېكتىۋىزملىق روھ تۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە، كوللېكتىپ مۇھىت ھەققىدە بىلىملەر جۇغلانمىسىغىمۇ ئىگە بولىدۇ.

# III ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيەسى

ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدە - نىزاملىرى ئەخلاقىي ھادىسە ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەمدە ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئومۇمىي چۈشەنچىلەر بولۇپ، بۇ چۈشەنچىلەر ياخشىلىق، يامانلىق، بۇرچ، ۋىجدان، شان - شەرەپ، بەخت - سائادەت قاتارلىق ئامىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاساسلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يازما ۋە نۇتۇقلىرىدا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر ھەمدە ئادەملەرنىڭ شەخسىي ئەخلاقىي تەربىيەسىگە ئائىت مەسىلىلەر بىرقەدەر تولۇق ۋە كونكرېت يورۇتۇلغان بولۇپ، بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## ئىنسانىي بۇرچ

ھەممىگە مەلۇم، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي تۇرمۇشىدا كىشىلەر مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك ۋەزىپە، خىزمەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ۋەزىپە ياكى مەسئۇلىيەت شەخسنىڭ

ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە، ئائىلە ئەزالىرىغا بولغان جاۋابكارلىقىدا ئىپادىلىنىشمۇ ياكى شەخسىنىڭ ئۆز مىللىتى، دۆلىتى، سىنىپى، پارتىيەسى ۋە تەشكىلىگە بولغان جاۋابكارلىقىدا ئىپادىلىنىشمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ۋە سىنىپ شۇ جەمئىيەت ياكى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئالدىغا مۇئەييەن ئەخلاقىي بۇرچنى قويىدۇ. بۇ ئەخلاقىي بۇرچ ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئەلگە ياخشىلىق قىلىش، ياخشىلىق، بەخت تەلەپ قىلىش، شۇ ئارقىلىق ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ ۋە بۇنداق قىلىشنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ تاللايدۇ ۋە بۇ ياخشىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق سۈپەتلەپ، بۇ سۈپەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن مەھكەم باغلايدۇ، شۇنداقلا بۇنداق ياخشىلىق قىلىش پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ۋەتىنى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي بۇرچى بولۇپ، بۇ بۇرچنى ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، مىننەت قىلىش ۋە ھەق تەلەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ.

پەرزەنتلەرنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، بىلىملىك ۋە يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەشمۇ ئەخلاقىي بۇرچ كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ. ئالىملىرىمىز بۇ ۋەزىپىنى ھەربىر ئاتا - ئانا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ياش ئەۋلادلار ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئورتاق بۇرچى دەپ قارايدۇ. بالىنىڭ ئەركى، مىشچان، يامان خۇلقلۇق بولۇپ ئۆسۈشىنى ئاتا - ئانىغا باغلىق دەپ قارايدۇ.

## ئىنسانىي ۋىجدان

ۋىجدان — شەخسنىڭ باشقىلارغا ياكى پۈتۈن جەمئىيەتكە

بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆز قەلبىنىڭ ۋە ئىشلىرىنىڭ پاكلىقى، ھەققانىيلىقى، ساغلاملىقى ھەققىدىكى ئەخلاقىي بىلىش ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىدىن ئىبارەت. ۋىجداننىڭ ئاساسىي ئامىلى ئەخلاق جەھەتتە ئۆز - ئۆزىگە باھا بېرىش، ئۆز - ئۆزىنى نازارەت قىلىش، ئۆز - ئۆزىگە سودىيە، شاھىت ۋە ئەيىبلىگۈچى بولۇش ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى دىيالېكتىكا ۋە لوگىكىدۇر. روھىي جەھەتتىكى بوشاڭلىق، نەزەر دائىرىسىدىكى تارلىق ئالدى بىلەن كىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلىتى ۋە ۋىجدانىي روھىنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولىدۇ.

ۋىجدان ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭ بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئەخلاقىي جاۋابكارلىقنى ھەمدە ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاق مىزانى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى باھالاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى ۋە باسقان قەدىمىگە رازى بولۇش - بولماسلىقى، توغرا ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىش ياكى تاللىۋالماسلىقى، ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، پەرزەنت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نىسبەتەن ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئاڭقىرىش ياكى ئاڭقىرالماسلىقى، ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە نىسبەتەن ھايا - نومۇسنى بىلىش - بىلمەسلىكى، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر ۋىجدان چۈشەنچىسىگە كىرىدۇ. ۋىجدان بۇرچ بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق ھالدا دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ.

توغرا يول تۇتۇش، ھالال ياشاش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، پىداكارلىق روھى قاتارلىقلار تاشقى ئەخلاقىي بۇرچنىڭ ئادەملەر قەلبىدە ئاڭلىق تەلەپ ۋە پەزىلەتكە ئايلىنىشى بولۇپ،

بۇنىڭ ئۆزى ۋىجدانىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گەۋدىلىنىشىدۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن راستچىل، توغرا بولۇش، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، ئۆز ئېغىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈش قاتارلىقلار ئادەملەر ئىش - ھەرىكىتىنى باھالاشنىڭ ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى ئەخلاقىي بۇرچىنىڭ ئەھدىسىدىن چىققان - چىقمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم بىر مىزانى، شۇنداقلا شۇ ئادەمنىڭ توغرا يول تۇتقان ۋە ھالال ياشىغانلىقىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانىسى «قۇتادغۇبىلىك»⑩ تە مۇنداق مىسرالار بار:

863. تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

6098. ئۆزىڭ نەپئى كۆتمە، خەلق نەپئى كۆت،
يۈكۈڭنى يۈتتۈرمە، ئەلگە، ئۆزۈڭ يۈت.

5077. كىشىنىڭ ياماندۇر ئېيتسا يالغان،
قىلىپ ۋەدە يانغان ياماندىن يامان.

شەخسىيەتچىلىكنى يېڭىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، پۇل، مال - دۇنيا ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك ئەخلاقىي ۋىجدان چۈشەنچىسىدە يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. ئادەملەردىكى ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەي، ئەل مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، كوللېكتىۋىزملىق روھنى تىكلەش، مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئابرۇيىنى ساقلاش

قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەر ئۆمۈرلۈك ئىززەت - ئابرۇي ۋە ئادىمىي ياشاشنىڭ ئالىي مىزانى.

6143. مەست قىلسا بۇ دۆلەت ئەگەر كىشىنى،
ئويغانماس، ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۇنى.

ئۆلۈم جېنىغا تىكىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئەيش-ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمىغان ئادەمگە مۇنداق دەيدۇ:

6145. تۇرمايدۇ تولا بۇ تىرىكلىك كۈنى،
ئۆزۈن جايغا يەتمەس بۇيۇكلۈك ئۇنى.

## قىلىق ۋە پەزىلەت

قىلىق ۋە پەزىلەت ئەخلاقىي هادىسىلەردىكى ئىككى چوڭ تەرەپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىپ ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى ئەخلاقىي قائىدە - پرىنسىپ ۋە غايە بىلەن زىچ باغلانغان هالدا ئەخلاقىي تەربىيەنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدا قىلىق پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى، مۇئەييەن پەزىلەت بولسا، قىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جۇغلىنىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئەخلاقىي قىلىق بەلگىلىك ئەخلاقىي ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان، باشقا ئادەملەرگە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولغان هەرىكەتتىن ئىبارەت. بۇنداق هەرىكەت ئەخلاقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئەخلاقىي قىلىقنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ئۇ بىر

شەخسنىڭ باشقا ئادەم ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتىنى ئاڭلىق تونۇغان ۋە ئەركىن تاللىۋالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى شەكلىدە يۈز بېرىدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەت — شەخسنىڭ ئىش- ھەرىكىتىدە ئەخلاقىي قىلىقىنىڭ دائىملىق ئادەتكە ئايلىنىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەخلاقىي ئاڭدىن ئىبارەت. ئادەتتىكى ئادەت ۋە ئاڭنىڭ ھەممىسى ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇۋەرمەيدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ئۇ ئەخلاقىي ئاڭ بىلەن ئەخلاقىي قىلىقنىڭ بىرلىكى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەخلاقىي قىلىق پەزىلەتنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلسا، ئەخلاقىي پەزىلەت ئەخلاقىي قىلىقنىڭ بىرلەشكەن ئىپادىسى، شەخسنىڭ ئاڭلىق ئىرادىسىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاراقخورلۇق، يالغان سۆزلەش، بىھۇدە غەزەپلىنىش، قىزىققانلىق، ئالدىراقسانلىق، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇققا ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر ئەخلاقىي قىلىق ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان ئەخلاقىي ھادىسىلەر بولۇپ، ئىنسان بۇ جەھەتتە ئۆزىنى تۈتۈۋېلىشنى بىلمىسە، مۇقەررەركى ئائىلە، جەمئىيەت ئالدىدا ھېچقانداق رولى، ئىززىتى ۋە ھۆرمىتى بولمايدۇ.

## ئەخلاقىي باھا

ئەخلاقىي باھا ئەمەلىيەتتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت. مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بىر ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي نىزام ۋە مىزانغا ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر.

سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۇرۇشكە پايدىلىق بولغان ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان ئىش - ھەرىكەت ياخشىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى يامانلىق بولىدۇ. ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردە تەشەببۇس قىلىنغان ياخشىلىق ھەم ئۇ قارشى تۇرۇۋاتقان يامانلىق ئۆز دەۋرىدىلا ئاكتىپ ئىجابىي مەزمۇن تەسىرىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ رېئال تەربىيەگە ئىگە. ئالىملىرىمىزنىڭ يازمىلىرىدا مۇنداق ھېكمەتلەر بار:

3271. خەلققە بېرىش نەپئى - ياخشىلىق ئېرۇر،
بۇ نەپئى بىلەن خەلقى تاپقاي ھۇزۇر.

3935. كىشى ياخشى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى،
كىشى دەردىگە داۋا بولسا، شۇ ياخشى.

345. يۇرى ياخشىلىق قىل ئەي ياخشى كىشى،
ئوڭۇشلۇق، ھامانە ياخشىنىڭ ئىشى.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ياخشىلىقنى بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ خەلققە پايدىلىق بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن خەلق ھەقىقەتەنمۇ مەنپەئەت ئېلىپ خۇشال بولۇشى بىلەن زىچ باغلايدۇ. خەلققە كۆيۈنۈش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش بولسا، ياخشى ئادەمنىڭ تۈپ سۈپەتلىك بەلگىسى ۋە ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى دەپ قارايدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ ياخشىلىقنىڭ دەرىجە مەرتىۋىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنىكەن، ئەمدى يامانلىق قانداق بولىدۇ؟ يامانلىقنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى يالغانچىلىق، كاجلىق ۋە بېخىللىق. بۇ قىلىقلار خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ئەمەس،

بەلكى شۇ قىلىقتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگىمۇ زىيانلىق.
قارايلى:

1676. بۇ ئۆچ نەرسە كىمدە بولسا بەخت كېتەر،
بۇ ئۆچ نەرسە بىلەن ئېتىمۇ يۈتەر.

1668. بىرى، كاجلىق ھەمدە قىلىقتا ياۋۇز،
يەنە بىرى، يالغان قىلار بولسا سۆزى.

1669. بىرىدۇر بېخىللىق كىشىن خار ئېتەر،
بۇ ئۆچ ئىش بىلىمسىز كىشىدىن كېلەر.

926. كۆرەرمەن كىشىنىڭ قىلىقى گەر يامان،
ھۇزۇرى ئېرۇر ئاز، كۆپى پۇشايمان.

شائىر بۇ مىسرالىرىدا توغرا يولغا ماڭمىغان، ئەخلاقىي نىزام ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەختسىزلىك، قايغۇ - ھەسرەت ۋە پۇشايمان بىلەن باغلايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەخلاقىي باھا مەسىلىسىدە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدىكى بايانى — ياخشىلىقنىڭ ۋە ياخشى ئادەمنىڭ سۈپىتى ۋە خۇسۇسىيىتى، ياخشىلىقنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى، ياخشى ئەخلاق، ياخشى قىلىقنى تاللىۋېلىش ۋە ياخشى ئادەم بىلەن دوست بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پايدىسى، شۇنىڭدەك يامانلىقنىڭ ۋە يامان ئادەمنىڭ سۈپىتى ۋە خۇسۇسىيىتى، يامانلىقنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى، يامانلىقنىڭ زىيىنى، يامان ئادەم، يامان قىلىقتىن يىراق تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پايدىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك باي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ

مەسىلىلەرنىڭ ۋە بۇ بىر قاتار ئەخلاقىي چۈشەنچە ۋە تەشەببۇسلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئالىملىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردە ئەقىل - پاراسىتى ۋە بىرىپ يەتكەن ئەخلاقىي مەنزىلىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ۋە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

# IV ئەر كىشىلىك ئەدەپلىرى

*«ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ ــ دېسە ، پۈتۈن ئالەم خۇش بوپتۇ .»*
*ــ ئۇيغۇر خەلق ئۇدۇم سۆزلىرىدىن .*

## ئەر كىشىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت

ئۇلۇغ تەبىئەت جاھاننى ئاۋات قىلىشنى ئىرادە قىلىپ «ئادەم» نىڭ نەسلىدىن پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. پەرزەنت ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئىنسانغا ھەدىيە قىلغان نېمەتلىرىنىڭ بىرى. مۇشۇ نېمەتنى بىلىش، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش ئېسىل تەبىئەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئاتىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. ئاتىنىڭ مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچان، پاراسەتلىك بولۇشى ئىككى پاك قەلبتىن بىنا بولغان، ساپ ئىشق - مۇھەببەتنىڭ تۆرەلمىسى بولغان پەرزەنتنى ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. نەسەبتىن پەخىرلىنىشكە قارىغاندا، ھۈنەر - سەنئەتتىن پەخىرلىنىش مەجبۇرىيەتنى تونۇغانغا باراۋەر. چۈنكى، سەن ھازىر پەخىرلەنگەن نەسەب ئەلالىقى ياكى نەسەب شەرىپى شۇ نەسەب ئىگىسىگە ھۈنەر - سەنئەتتىن كەلگەن. ھۈنەر - سەنئەت، بىلىم خۇمارلىقى كىشىنى دائىم ئىختىراغا يېتەكلەيدۇ. ئىختىرا - ئىجادىيەتتىن كەلگەن ھۆرمەت نەسەبكە ئەبەدىيلىك بولىدۇ. ئۇ كونىلاردىن «ھۈنەرلىك

ئەر ئۇزار، هۇنەرسىز ئەر توزار» دېگەن تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەسكە سېلىپ تۇرىدۇ. ئاتا ئەنىڭ ئاۋۋال ئۆزى بىلىملىك ۋە كەسپكار بولۇش بىلەن بىر چاغدا، پەرزەنتىنى بىلىملىك، ئىلىم سۆيەر، كەسپكار قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى زۆرۈر. پەرزەنتنىڭ تەربىيە كۆرگەن، بىلىمگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، ئىلىم - بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئاتىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. گەرچە ھازىر جەمئىيەتتە تۈرلۈك تاراتقۇلار، تەربىيە شەكىللىرى كۆپىيىپ، پەرزەنت تەربىيەسىگە نىسبەتەن تەسىر قىلىش دائىرىسى كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇنجى تەربىيە ۋە تۇرمۇش بىلىملىرى ئاساسەن ئائىلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، رولى پەرزەنتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، پەرزەنتىنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق يازغان:

152. بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇق،<br>بۇ ئىككى يۈكسەكتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

154. ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،<br>بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

دېمەك، ئىنسان بالىسى بىلىم ئىگىلىمىسە، تەربىيە كۆرمىسە، تەبىئىي تالانتىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. بىلىم بىلەن ئەقىل بىرلەشسە ئىنسان ئەزىز بولىدۇ. ۋاھالەنكى، تۇنجى نەرسە باشلىنىدۇ.

مانا بۇ پەرزەنتكە ۋە ئائىلىسىگە ئىگە بولغان، ئۆزىدىكى

مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى تونۇغان «ئەر»نىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئاڭقىرماي تۇرۇپ، «ئەر»لىك دەۋاسى قىلىش «ئەر»لىككە مۇناسىپ ئىش ئەمەس!

### 1. ئەرگە ئىلىم، يەرگە تېرىم لازىم

يەر تېرىلىپ تۇرمىسا، پەرۋىشلىنىپ تۇرمىسا، ئۇنى قومۇش باسىدۇ ياكى شورلىشىپ ھېچنېمىگە يارىماس بولىدۇ. يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈنىڭغا بولغان ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن باشلىنىدۇ. ياخشى پەرۋىشلەنگەن، ئىلمىي باشقۇرۇلغان يەر ئىگىسىنى تولۇق رازى قىلىپلا قالماستىن، ئەتراپتىكى قوشنا - قولۇم ۋە تەبىئەتكىمۇ زور پايدا يەتكۈزەلەيدۇ.

ئادەممۇ شۇ يەرگە ئوخشاش پەرۋىش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشقا موھتاج. ئادەم ئىلىم - بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلالايدۇ. شۆھرىتىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرالايدۇ.

ئەرگە نام - ئاتاق ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىنىڭ قويغان ئىسمىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن كېلىدۇ. ئەرنىڭ شان - شۆھرىتى ئۇنىڭ كىيگەن لىباسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە قىلغان ياخشى ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن كېلىدۇ. ئەرگە پەخىر تۇيغۇسى ئۇنىڭ قىلغان ھەج - تاۋاب، سەدىقە - سايەت، سەپەر پائالىيەتلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ياخشى نىيەت، ياخشى خىسلەتلىرىدىن كېلىدۇ. ئەرگە نىسبەتەن مۇئەللىم، ئۇستاز، دوختۇر، ئالىم، پەيلاسوپلار ۋە پالانى ئۇستام، پوكونى ئۇستام دېگەن ناملار شەرەپ تۇيغۇسى بېغىشلىيالمايدۇ. ئەر كىشى تىرىشىپ چوقۇم ياخشى نامغا ئىگە بولۇشى لازىمكى، يامان نام، يامان ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ قېلىشتىن ساقلانماقچى ۋاجىپتۇر.

مۇشــۇ كىتابىمىزنىــڭ بــاش قىــسىملىرىدا قەيــت قىلىــپ ئۆتۈلگەنىدەك، پەرزەنتنى ئەدەپلىك، بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەش ئاتا - ئانا ئۈچۈن پەرز ھەم قەرز بولغانىكەن، ئاتا بولغۇچى ئەر ئۆزىــدىمۇ ئەدەپ، بىلىــم، ئىلىــم توغرىــسىدا زۆرۈر بىلىملەرنــى يېتىــشتۈرۈشتىن سىــرت، ئەرگە خــاس چىــدام، غەيــرەت، بەدەن ساپاسى يۇقىرى بولۇش، ھەق - ناھەق كۆز قارىشى ئېنىق بولۇش ئاساسىدا باھا بېرەلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نوقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

## 2. مەرد بولۇش، نامەردلىكتىن ساقلىنىش لازىم

ئەرلەرنىــڭ ئارىــسىدا گەپ بولغانــدا، ئــۆزىنى مەرد دەپ ھېسابلايدىغانلار مەردلىكنىــڭ ئىپادىــسىنى باشــقىلارغا مەردلىــك بىلەن پۇل - مال بېرىش، باشقىلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى مەردلىك بىلەن كۆرمەسلىككە سېلىش، باشقىلار ئۈچۈن مەردلىك بىلەن نــۆۋەتنى ئۆتۈنــۈپ بېــرىش...... قاتــارلىق ئىشلارنى مەردلىكنىــڭ ئىپادىسى دەپ قارىشىپ، ئۆزىنى ماختىشىدۇ. مېنىڭچە، باشقىلارغا مەردلىك بىلەن پۇل - مال بېرىش شۇ مەردلىكنــى قوبــۇل قىلغــان كىــشىنىڭ كىــشىلىك كىرىمــى، تەنــدۇرۇس ھــالىتى، تۇرمۇشــتا دۇچ كەلــگەن ئالاھىــدە يــاكى تاســادىپىي قىيىنچىلىقــى بىــلەن زىــچ باغلانغــان بولۇشــى لازىــم؛ يەنە بىــر تەرەپــتىن قارىغانــدا، پــۇل - مالــدا مەردلىــك قىلغــان كىــشىنىڭ شۇ مەردلىكنــى نېمە مەقسەتتە قىلىۋاتقانلىقىنى، بىرەر شــەرت تەمەســى يــاكى كــۆز - كــۆز قىلىــش تۈيغۇسىدا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقى بىــلەن بــاغلاپ كــۆرۈش لازىم. ئەگەر مەردلىــك قىلىۋاتقــان ئەر ھېچقانــداق غەرەزسىــز ھالــدا مەردلىك قىلغان بولسا، مەردلىكنى قوبۇل قىلغان ئەرمۇ تەنــدۇرۇس بولماي، ئىشلەپ تېپىپ تۇرمۇشنى قامداش ئېھتىياجىدىن مەھرۇم

بولۇپ قالغان بولسا، قوبۇل قىلىنغان مەردلىك ئۈنىڭ ئۈچۈن دۇرۇس بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا ئۈنىڭ ئۈچۈن ئېغىر ھاقارەتتىن ئىبارەت. قىلىنغان مەردلىكمۇ «ئوڭ قولۇڭ خەير قىلسا، سول قولۇڭ تۇيمىسۇن» تەرزدە بولغان بولسا ئۈنىڭ ئۈچۈن ساۋاب، ئەكسىچە بولسا ئۈنىڭ مەنمەنلىكى، پۇل - ماللىرىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئېغىر گۇناھ! خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى مەردلىك بىلەن كۆرمەسلىككە سېلىشمۇ ئېغىر گۇناھ! مۆرىتى كەلگەندە شۇنداق بىر مىسالنى سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ: بىر كۈنى بىر خىزمەتدىشىم بىلەن شەھەرلىك كىتابخانىغا كېتىۋاتاتتۇق. شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر موزدوزنىڭ ئالدىغا ئون - يىگىرمە ئادەمنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ بىزمۇ كىشىلەر ئارىسىغا قىسىلىپ موزدوزنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدۇق. قارىساق، موزدوزنىڭ ئالدىدا بىر قارا سومكا بولۇپ، يۈزىنى پەرىجە بىلەن توسۇۋالغان بىر ئايال ئۇ سومكىدىن پۇل ئېلىپ ساناۋاتقانىكەن. بىرئاز ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى ئايال پۇلنى ساناپ بولۇپ ھېلىقى موزدوزغا «رەھمەت ئۇستام» دېگىنىچە ئورنىدىن قوزغالدى. ھېلىقى موزدوز ئۇستام تومۇز ئىسسىقىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئەتىگەندىن بېرى ئوچوقچىلىقتا موزدوزلۇق قىلىپ، تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، باش - يۈزلىرىدىن ئاققان تەر بويىندىن سارقىپ، قورساقلىرىغىچە ئېقىپ چۈشكەنىدى. ئۈنىڭ تونچە كۆڭلىكى بېلىدىن باغلاقلىق بولسىمۇ، قوساقلىرىنى باسالمىغاچقا تەردە كىرلىشىپ كەتكەن مىس رەڭ كۆكرىكى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. موزدوزمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئايالغا«پۇللىرى ساقمىكەن؟ خاتىرجەم بوللىمۇ؟» دېدى. ھېلىقى ئايال موزدوزغا قاراپ: «پۇلۇم ساقكەن، رەھمەت» دېگىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەتراپتىكى كىشىلەر بىر ئېغىزدىن

هېلىقى ئايالغا: «شۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى خىيانەت قىلماي سىلىگە ساق ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، رەھمەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ يۈز يۈەن بەرسىلە بۇ ئۇستامغا» دېيىشتى.

ئايال سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئارىسىدىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلنى ئېلىپ هېلىقى موزدۇزغا تەڭلىۋىدى، موزدۇز پۇلنى قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى. هېلىقى ئايال موزدۇزغا قاراپ: «ئاز كۆرۈۋاتاملا، ئالسىلا ـ هە!» دېدى دوق قىلغاندەك. لېكىن، موزدۇز شۇ هامانلا: «سىلى پۇللىرىنى ئۇنتۇپ قويۇپ كېتىپ قاپلا، مەن سىلىنىڭ پۇللىرىنى ئامانەت هېسابىدا ساقلاپ قويدۇم. سىلىنىڭ خەيرلىرى ماڭا لازىم ئەمەس. كۆڭۈللىرىگە رەھمەت» دېدى ۋە جايىدا ئولتۇردى. هېلىقى ئايال پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ تۇپتىن ئايرىلىپ يولغا راۋان بولدى. بىز نېمىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلساق، ئەسلىدە هېلىقى ئايال سومكىسىدىكى پۇلنى بانكىدا ئامانەت قويماقچى بولۇپ كېتىۋاتسا، ئايىغىنىڭ تاسمىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موزدۇزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىنى ئوڭشىتىپ، سومكىنى موزدۇزنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن بازاردا سودىلىقىنى قىلىپ پۇلنى بېرەي دېسە سومكا يوق، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە، موزدۇز ئېسىگە كېلىپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىكەن. موزدۇز سومكىنى هامان ئىگىسى ئىزدەپ كېلىدۇ دەپ ساقلاپ قويغانىكەن. سومكىدا ئەللىك مىڭ يۈەن نەق پۇل بار بولۇپ، بۇ ئايال سومكىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن پۇلنى سانىۋالىمەن دەپ پۇل ساناۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە بىز كېپ قاپتۇق، ئەھۋالنى ئۇققان ۋاقتىمىزدا ئەتراپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر هېلىقى ئايالنى ئەيىبلەپ: «ئەجەب پىخسىق خوتۇنكەن، يۈز يۈەنلىك قەغەزدىن بىرنى شارتتىدە چىقىرىپ بېرەلمىدى» دەپ ئەيىبلەشتى. مېنىڭ هېلىقى خىزمەتدىشىم هېلىقى موزدۇزغا قاراپ: «قوپە ئورنۇڭدىن

ئاكا، مەن ساڭا بىر مۇكاپات بېرەي» دېدى ۋە ھېلىقى موزدۇزنىڭ تەردە قاسماق بولۇپ كەتكەن سول كۆكسىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ: «رەھمەت ئاكا، پەزىلىتىڭگە!» دېدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە بىز بىلەن ھېلىقى كىشىلەرمۇ تاراپ كېتىشتى. يولدا ھەمراھ بولغان بىرەيلەن: «بۇ مودۇز ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك كىشىكەن، ئارىدىن ئۈچ - تۆت سائەت ۋاقىت ئۆتتۈپتۇ، سومكىنى كۆرمىدىم دېسە ھېلىقى خوتۇن ھېچنېمە قىلالمايتتى» دېدى. مەن تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم: «پەزىلەت ۋۇجۇدىدا بەرقارار بولغانىكەن، ئۇستۇنلۇك تاللىماي ئۆزىنى نامايان قىلىۋېرىدۇ. ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن تاۋلىنىش پىچىدۇر.» بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشىمىزدىكى مەقسەت، ئادەمدىكى پەزىلەت شۇ كىشىنىڭ باي، كەمبەغەللىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پاك يۈرىكىدە.

يامانلارنىڭ يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرمەسلىككە سېلىش كۆرۈنۈشتە يامان ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى يېپىپ، ئەلدىن يوشۇرۇپ شۇ كىشىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ قېلىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، گۇناھ سادىر قىلغۇچىغا شارائىت ھازىرلاپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئېغىر گۇناھ سادىر قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، گۇناھ سادىر قىلغۇچى گۇناھى سەۋەبلىك بىر كىشىنىڭ تەقدىرىگە ياكى تەنىھىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ «يۈرىكى توختاپ» يامان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم - ئادەتلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، مەردلىك «ئەر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن زىچ بىرىكىپ «ئەر»لىكنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدىغان، «ئەر»لىكنىڭ پەزىلىتىنى موللاشتۇرىدىغان،

«ئەر»لىكتىن ئىبارەت مۇقەددەس نامىنىڭ شەرەپ ئىززىتى قاتارىدا سانىلىدىغان، مىللەتنىڭ خاراكتېرىنى نۇرلاندۇرىدىغان مۇھىم پەزىلەتنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مەردلىك«ئەر»پەزىلىتى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ھەق - ناھەق كۆز قارىشى ئايدىڭ بولۇش، ئەلنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، شەخسىيەتچى ۋە نەپسانىيەتچىلىكتىن ساقلىنىش، ئەقىدىسى ئۇچۇن ساداقەتمەن بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئاجىز - پېقىرلارغا يار - يۆلەك بولۇش، تەمەخورلۇق، قويمىچىلىق بىلەن ياشاشنى ھايات كەچۈرۈشنىڭ پرىنسىپى قىلىۋېلىشقا ماھىيەتتىن قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئادەتلەرگىچە كېڭەيدى. «مەرد»لىكنىڭ بۇ مەزمۇنلىرى كىشىنىڭ پەزىلىتىنى بىلدۈرىدىغان، «ئەر»گە باھا بېرىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر جۇملىسىدىن بولۇپ، ئۇلار ھەم ئۆز ئالدىغا، ھەم يەنە بىر پۈتۈن كاتېگورىيەگە تەۋە.

### 3. «ئەر»دە ھەق - ناھەق كۆز قارىشى ئېنىق بولۇش لازىم

ھەق - ناھەق مەسىلىسى تۇرمۇشنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، بەزىدە ئۆزىنى قاچۇرۇپمۇ قاچۇرۇپ بولالمايدىغان مەسىلەرنىڭ بىرى. ئەر كىشىدە ھەققانىيلىق كۆز قارىشىنىڭ بولۇشى شۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىك ياكى پەزىلەتسىز بولۇشىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى. ھەققانىيلىق كۆز قارىشى ئېنىق بولمىغان ئەر كىشىدە «ئەر»لىك سۈپىتىمۇ بولمايدۇ. ئەر ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلگەندە شۇ مەسىلىنىڭ ھەققانىي ياكى ناھەق مەسىلە ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي، شۇ مەسىلىدە نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ مەيدانىسىزلىق قىلىش، ئېنىقكى، مۇناپىقلىق بىلەن باراۋەر. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى 17 - ئەسىر پېشۋالىرىنىڭ بىرى ھەزرىتى مۇھەممەتئىمىن غوجامقۇلى ھىرقەتى شاھانە ئەسىرى

«مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام»دا «مۇناپىق»دېگەن سۆزگە ئېنىقلىما بېرىپ:

«چاھارۇم زاھىرۇ باتىن مۇۋاپىق،
بولۇر گەر بولمىسا دەرلەر مۇناپىق.
مۇناپىق ئولدۇرۇركى ئىككى سۆزلەر،
مۇۋاپىق ئىككى ئالەم بىرنى كۆزلەر.»

يەشمىسى:
ئادەملەرنىڭ ئىچى بىلەن تېشى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم، يەنى تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا مۇناپىق يەنى ئىككى يۈزلىمچى بولۇپ قالىدۇ. ئىككى يۈزلىمچى ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل سۆزلەيدۇ. تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولغان كىشى ئىككىلا دۇنيادا بىر مەقسەتنى كۆزلەيدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە دەماللىققا شۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە باھا بېرەلمەسلىك سەۋەبلىك قايسى مەيداندا تۇرۇشنى بىلەلمىگەندە، سۈكۈت قىلىشمۇ ئادەمنى شۇ مەسىلىگە ناھەق باھا بېرىپ قويۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ. لېكىن، تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشى، مۇشتۇمزورلۇق قىلىشى...... قاتارلىق مەسىلىلەردە كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇۋېلىش ياخشى ئادەت ئەمەس.

### 4. «ئەر»دە خەلق مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئەلا بىلىش قارىشى بولۇشى لازىم

مەلۇم بىر ئەر كۆرۈنۈشتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەن، خەلق مەنپەئەتى مەسىلىلىرىدە ئۇ ئەلنىڭ بالىسى؛

چۈنكى، ئۇ خەلق بىلەن ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، ۋەتەن قوينىدا ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. 15-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايى لىرىكىلىرىدا خەلقنى شۇ دەرىجىدە ئۇلۇغلايدۇكى، گۈلخاندا كۈلگە كۆمۈلۈپ ياتقان ئاشىقنىڭ ئاستىدىكى كۈلنى پادىشاھنىڭ تەختىدىن، ئۇنىڭ بېشىنى چۇلغىۋالغان ئىشق ئوتىنى شاھلىق تاجىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ:

گۈلخان ئارا ئاستىڭدا ئوت، ئوريان بېشىڭدا ئىشق ئوتى،
بۇ نەۋئى تاجۇتەخت ئىلە سەن-سەن نەۋايى پادىشاھ.

يەشمىسى:

گۈلخان ئارا ئاستىڭدا كۈل، يالاڭباشتاق بېشىڭدا ئىشق ئوتى. ئەي نەۋايى بۇنداق تاجۇتەخت بىلەن سەن قايسى پادىشاھتىن كەم؟

نەۋايى بۇ مىسراسىدا خەلق ئۈچۈن جاپا چەككەن، بارلىق ئۆمرىنى خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر كىشىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى سىزەتلەپ، ئۇنى پادىشاھقا تەققاس قىلىدۇ. «خىيالىمدا ھەمىشە خەلق غېمى، خەلقنى دەپ رىيازەت چېكىۋاتىمەن، ھېچقاچان شەخسىي مەنپەئەتنى قوغلاشمىدىم. ماڭا شۇلار يېتەرلىك شاھلىق تەختى ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. شائىر نەۋايى شاھقا خاس ھۆرمەتنىڭ پەقەت خەلق تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى، خەلق چىن قەلبىدىن ئوقۇغان رەھمەت ۋە تەشەككۈرنىڭ شاھلىق تاجىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. نەۋايىنىڭ بۇ ھېكمىتىنى مىسال كەلتۈرۈشىمىزدىكى مەقسەت، ھەزرىتى نەۋايى ئۆزىنىڭ يازغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن ئىشلىدى، خەلق ئۈچۈن يازدى. تۇل خوتۇن،

يىتىم - يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلىدى. يول، كۆۋرۈك ياسىدى. مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى بەرپا قىلدى، رېمونتلىدى. دېمەك، ئۇ ئۆز قەسىمىگە ئەمەل قىلدى. بۇ ئىشلارنىڭ خاسىيىتى شۇ بولدىكى، نەۋايى ئەل پەرزەنتىگە ئايلاندى. 15 - ئەسىردىن تا بۇ كەمگىچە ئەل قەلبىدە ياشىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياشىغۇسى! دېمەككى:

گەر كىمكى ئەلگە ئېھسان ئەيلىسە،
كەم بولمايدۇ ئەل رەھمىتى ئۇلاردىن.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ۋەياكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقپەرۋەرلىك كۆز قارىشىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىك ھەمىشە قوشكېزەك ئۇقۇم سۈپىتىدە چۈشىنىپ كېلىنىدى. ۋەتىنىنى سۆيگەن ئادەم ئۇنىڭ خەلقىنىمۇ، خەلقىنى سۆيگەن ئادەم ۋەتىنىنىمۇ سۆيۈش ئىدىيەسى خەلقىمىز ئېڭىدا دائىملىق ئۇقۇم سۈپىتىدە مۇجەسسەم بولدى. شۇ تۈپەيلى يازمىلىرىمىزدىنمۇ ئورۇن ئېلىپ، كىشىلەرنى خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى.

ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك ھەققىدىكى تەربىيەلىرى ئۆزىنى ئەر سانىغان ئەرلەرنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، ئۇنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئەر كىشىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

شۇنى ئەستە ساقلاش زۆرۈركى، زامان ۋە دەۋر ئۆزگەرسىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئۇقۇمى ۋە تۈيغۇسى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇ ۋەتەندە شۇ خەلقنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ھايات كەچۈرۈش، ياشاش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ھەر

بىر ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەتەنپەرۋەر ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئوقۇمى ئەبەدىيلىك تۇس ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە ياشايدۇ. ۋەتەنگە، خەلققە بولغان سۆيگۈ ئۆمۈردىن ئۇزاق بولىدۇ.

## 5. «ئەر»دە ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك تۇيغۇسى بولۇشى لازىم

ۋاپادارلىق ۋو ساداقەتمەنلىك ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا، ئاتا - ئانىسىغا، يار - بۇرادەرلىرىگە،ۋەتەن ۋە خەلقىگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خەلق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئاساستىكى ياخشى كۆرۈش قاتارلىقلاردا كونكرېتلىقتا ئىگە بولىدۇ.

ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە بولغان ساداقەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ تۈپكى مەزمۇنىدىن رەڭ ئاللماي قالىدۇ. ۋەتەنگە، خەلققە باغلانماي چېچەك ئاچقان مۇھەببەت ماھىيىتى جەھەتتىن مەنبەسىز سۇغا ئوخشايدۇ.

ۋاپادارلىق ۋە ساداقەت ئاتا - ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتتىمۇ كونكرېتلىقتا ئىگە بولىدۇ. ئۇ پەرزەنت بىلەن ئاتا - ئانا مۇناسىۋىتىدە پۇلسىرات كۆۋرۈكىگە ئوخشايدۇ. ئىككى دوست مۇناسىۋىتىدە بىر-بىرىگە باغلانغان رىشتىگە.ئوخشايدۇ. ۋەتەن - خەلق مۇناسىۋىتىدە دەرەخ بىلەن يىلتىزغا ئوخشايدۇ. ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتنى ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى پۇلسىرات كۆۋرۈكىگە ئوخشىتىشىمىزدىكى سەۋەب، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئاتا - ئانا كۆۋرۈك، پەرزەت بولسا كۆۋرۈك ئۈستىدىن ھاياتلىق نىشانىغا قاراپ ئاستا - ئاستا سىلجىۋاتقان ئادەم. پەرزەنتىنىڭ ۋاپادار ۋە ساداقەتمەنلىك كۆۋرۈكىنىڭ مۇستەھكەم ۋە ئاجىز بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاتا - ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك. بۇ مەقسەت ئاغزاكى ئۇگۈت - نەسىھەتلىرىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى يازمىلىرىمىزدىمۇ كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان.

جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزىنى«ئەر»لىك مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىۋاتقان ۋە تولۇق ئادا قىلالمىسىمۇ، ئادا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان كىشىلىرىمىز كۆپ. ئۇلار ئاتا - ئانىغا بولغان ۋاپا ۋە ساداقەت مەزمۇنىدا ئۆز تۇرمۇشى ۋە ھاياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ھەممىتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. لېكىن، يەنە شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىۋېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يىلىكىنى شوراپ ئۇ دۇنيا گىردابىغا دارقىرىتىپ سۆرەيدۇ. ئۇلار شۇنى بىلمەيدۇكى:

ھەركىم قىلسا ئۆزىگە،
قاراپ تۇرغان كۆزىگە.
ئاسمانغا بېقىپ تۈكۈرسە،
يېنىپ چۈشەر يۈزىگە.

## ئەرلەردە ئىلىم كامالىتى ۋە بىلىم بالاغىتى

ئىلىم ئادەمنى ئادەمگەرچىلىك قىلىشقا، ئەقىل - ئىدراكنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ۋە ئەقىدە - ئىخلاس ئاساسىدىكى كامىل مۇھەببەتكە يېتەكلەيدۇ. ئىنسان يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن، ياخشى بولغان ئائىلە تەربىيەسى ئاساسىدا ياخشى دوست، ياخشى پەزىلەتلىك ، ئەتراپلىق بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە ئۇستازلاردىن ئىلىم تەربىيەسىگە ئىگە بولىدۇ. ئىلىم - پەنگە بولغان مۇھەببەت يۇقىرىقى بىرنەچچە ئامىلدىن ھاسىل بولىدۇ. ئىلىم ئىگىلەش گۆدەك ۋاقتىدا ئۆگىنىش ئاساسىدا بولسا، ئۆسمۈرلۈك ۋە بالىلىق ۋاقتلىرىدا، ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ئاساسىدا بولىدۇ. ھەقنى تونۇغۇدەك، ئۆزىنى بىلگۈدەك، دۇنيانى بىلگۈدەك، ئۆزىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى يوقاتماي، پايدىلىق ۋە زىيانلىق

ئىشلارنى ئايرىيالىغۇدەك دەرىجىدە ئىلىم ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى بىلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۇمىد كۈتۈشكە بولىدۇ. كىچىك ۋاقتىدىلا خىيانەتچىلىك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە ھىيلىگەرلىككە ئادەتلەنگەن بالا ھەرقانداق قىلىپمۇ، ھەتتا ئەپلاتوندىن دەرس ئالسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ. ئەقىدىگە خىيانەتكار بالا ئىلىمگىمۇ، ئۇستازغىمۇ خىيانەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. بۇنداق خىيانەتكارنىڭ ئىلىمدە كامالەتكە يېتىشى بەكمۇ تەس. ھەقىقەت بىلەن راستچىللىق خىيانەتچىلىكنىڭ دۈشمىنى. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن دوستنى ئۆز دۈشمىنى ئارقىلىق ئالدىغا چاقىرتساڭ ئۇ سېنىڭ يېنىڭغا كېلەمدۇ؟ بەرھەقكى، كۆڭۈلدە غەيرىي مۇھەببەت بولىدىكەن، ئۇ چاغدا كۆڭۈلدە ھەقىقەتكە ئورۇن قالمايدۇ. ھەقىقىي ئىلىم ھەقىقەتكە، راستچىل بولۇشقا ئىنتىزار بولىدۇ. ئادەمدىكى بىلىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ سىر - ھېكمىتى، ماھىيىتىنى بىلىشكە قىزىقىشتىن جۇغلىنىدۇ. ئىلىم ھەقنىڭ بىر سۆيۈپتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ سېغىنىشنىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەت ۋە ئادەمگەرچىلىك جۇملىسىدىندۇر. مال - دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش، تەن راھىتى قوغلىشىش ئىلىمنىڭ دۈشمىنى. مال - دۇنيا، ئىززەت - ھۆرمەت، ماختاش ۋە مەدھىيە قاتارلىقلارنىڭ ئادەمنى ئىزدەپ تېپىشى شۇ كىشىنىڭ ئىلىم كامالىتى شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. تىلەك ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ۋاستە بولۇۋاتقان نەرسە تىلەك بولغانىكەن، ئۇ ۋۇجۇد ھۇجەيرىلىرىدىن سىرغىپ چىققان بولۇشى، باتىنى بىلەن زاھىرى گويا تەن بىلەن روھتەك بىر گەۋدە بولغان بولۇشى لازىم، شۇندىلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيسەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدە بولالايسەن. ئىلىم كامالىتىدە ئىنسان

راستچىللىق، ياخشىلىق، دانالىق (ئەقىللىك) تىن ئىبارەت ئۈچ گۆھەرگە ئىگە بولۇشى لازىم. راستچىللىقتىن ئادالەت، ياخشىلىقتىن شاپائەت ھاسىل بولىدۇ. ئەقىل — ئۇ ئىنسان بىلىم كامالىتىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، ئۇ ئادەملەردە ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشى، يۇقتۇرۇشى، ئەھۋالغا يارىشا ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ يۇكسەلدۇرۇش جەريانىدا كامالىتىنى تاپىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئىزدىنىش جەريانىدا يۇقتۇرسا، ئىجتىھاد ۋە چىن نىيەت ئاساسىدا ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلىپ سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمىسە، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ئىلىمگە ئايلىنىدۇ. ئىلىمنى ئىشلىتىش جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمىگۈدەك دەرىجىدە ئىگىلەش ئىبرەت ئېلىشتىن ئىبارەت. دانالىق (ئەقىل) ۋە ئىلىم ھەرقاچان ۋە ھەر زامان تەكەببۇرلۇقنى، زالىملىقنى، ئالدامچىلىقنى يامان كۆرىدۇ. ئادالەتلىك، مەرىپەتلىك ۋە شاپائەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن تەربىيە يەنىلا ئادەمدىكى ئىلىم كامالىتىدۇر. ھاياتنىڭ ئۆزى ھەقىقەت. قەيەردە ھاياتلىق بولسا، شۇ يەردە تەرەققىيات، يۈكسىلىش بولىدۇ. ئىلىمنى سېتىپ مال - دۇنيا توپلىغانلار ئىلىم كامالىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى مال - دۇنيانى سەرپ قىلىپ ئىلىم كامالىتى ئۈچۈن ئىزدەنگەن كىشى ھەقىقەتكە يېقىنلىشالايدۇ. چۈنكى، ئىلىم - ھۈنەرنىڭ ئۆزى زور بايلىق. ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ ئۆزى ياخشى خىسلەتتۇر. ئەقلى كامىللىق مۇنداق ئىككى باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچىسى، ساداقەتمەن، ۋاپادار دوستنى كۆپ تونۇش. دوستنى كۆپ تونۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئالدى بىلەن دوستلۇقنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. سەن كىمگە دوستانىلىق قىلساڭ، ئۇ ساڭا دوستلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. شەرت شۇكى، سېنىڭ دوستلۇقۇڭ شەرت ئاساسىغا، مەنپەئەت چۈشەنچىسىگە باغلىنىپ قالماسلىقى لازىم؛ ئىككىنچىسى، باشقىلارغا قەست قىلماسلىق.

ناۋايى ھەزرىتىم لىرىكىلىرىنىڭ بىرىدە:

ھەركىشىكىم تاپسا دەۋران ئىچرە جاھۇ ئېتىبار،
كىم ئۇنىڭ زاتىدە بىدادۇ ستەم بولغاي قىلىق.
ياخشىلىق گەر قىلماسا بارى يامانلىق قىلماسۇن،
كى يامانلىق قىلماسە، قىلغانچە بارئول ياخشىلىق.

يەشمىسى:
بەزىلەر بۇ زاماندا مەنسەپ ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولسا، باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشنى ئادەت قىلىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق قىلمىسا، يامانلىقمۇ قىلمىسۇن، يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر دەپ يازغاندى.

تەھقىقكى، باشقىلارغا قەست قىلىش، باشقىلارنى قورقۇتۇش ۋە كەمسىتىش دۈشمەنلىكنى كۆپەيتىپ، دوستنى ئازايتىدۇ. ئۆزى باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولىمەن دېيىشنىڭ ئۆزى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ماختانچاقلىقتىن ئىبارەت.

ماختانچاقلىق ۋۇجۇدتا ھەمىشە مەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرسام بولاتتى، پالانچىنىڭ ئاۋۇ نەرسىسى باركەن، مەندە نېمە ئۈچۈن يوق دېيىشتىن ئىبارەت تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. ھەسەت ھەسەتنى قوزغايدۇ، بەرھەقكى يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن خالىي بولغان ئادەمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەملىكتە ئۆتىدۇ. كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەم ۋە تىنچلىقى كۆڭۈلدە دائىم ئىلىم تەلەپكارلىقنى قوزغايدۇ.

ئەرنى خار قىلىدىغان ئۈچ نەرسىدىن پەرھىز تۇتماقلىق لازىمدۇر. ئۇنىڭ ئاۋۋىلى نادانلىق؛ ئىككىنچىسى ھۇرۇنلۇق؛ ئۈچىنچىسى بولسا زالىملىقتۇر. نادانلىق بىلىم ۋە ئىلىمنىڭ يوقلۇقىدىن بولىدۇ. بىلىمسىزلىك ئەرنى ئالەم سىرلىرىنى، ھەقىقەت نۇرلىرىنى بىلىشتىن مۇستەسنا قىلىدۇ. ھۇرۇنلۇق خارلىق

ۋە زەبۇنلىققا باشلاپ بارىدۇ. زالىملىق بولسا ھاياتنىڭ دۈشمىنى. ئۆزىنى «ئەر» دەپ سانايدىغان كىشى بىراۋغا زالىملىق قىلسا، ئادەملەردىن ئايرىلىپ قېلىپ ھايۋانلار قاتارىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ داۋاسى ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدا چىن كۆڭلىدىن خەلققە مۇھەببەت باغلاپ، خەلققە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ، غەيرەتلىك ۋە ئادالەتلىك بولۇپ ئېرىشكەن بىلىم ۋە ئىلىمنى ھەق يولىغا سەرپ قىلىش لازىم. پۈتكۈل قەلبىنىڭ مۇھەببەتكە تولغانلىقى جەننەت قەلبىنىڭ گۆرۈستانغا ئايلانغانلىقى دوزاخ.

نەۋايى يازمىلىرىدا مۇنداق ھېكايە كەلتۈرۈلگەن: زامانىسىنىڭ ئىلىم كامالەت ئىگىسى پەخىردىن رازىي مۇشكۇل يوللارنى بېسىپ خارەزىمگە كەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەت خارەزىم شاھ ئالىمغا ئانچە پەرۋا قىلماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شاھ بىلەن ئالىم تاسادىپىي مۇنچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. خارەزىم شاھ پەخىردىن رازىيدىن قىيامەت ئىشلىرى توغرىسىدا سوئاللارنى سوراپتۇ. پەخىردىن رازىي شاھ مۇھەممەت خارەزىمگە قاراپ: ئەي، قىيامەت كۈننى بىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم، سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان مۇناسىپ جاي مۇشۇ مۇنچىدۇر. قىيامەت كۈنىدە شاھ ۋە گاداي ھەممىسى بىرخىل ئەھۋالدا يالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ، نە ئەمەلدار ھېچكىم ھېچ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارالمايدۇ. سەن بۇ مۇنچىغا نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ ھېچنېمىنى! تاج - تەخت، خەزىنە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى، ئىلىم، ھۈنەر ئىگىلىرىچۇ، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەممىسى ئۆزى بىلەن بىللە، — دەپتۇ.

ئىلىم ئەرنىڭ پېئىل - خۇسۇسىيەتلىرىگە، نۇتۇق سۆزلىرىگە، ئىززەت - ئابرۇيىغا، قىسقىسى، ئەرنىڭ تەقدىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئىلىم كامالىتى ئادەمنى بىلىش ۋە تونۇشتىن

ئىبارەت بولۇپ، ئۇ يۈرەك قەدەھىگە تولدۇرۇلغان نۇردۇر! ئىلىم ئىگىلەشچان ۋە كۆنۈشچانلىقتا ئىگە بولغان ئەقىلنى جاسارەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئىلىم تەپەككۇرنى يېڭىلايدۇ، ئەردىكى ئاڭنى قالاق قاراش ۋە ئەسقاتمايدىغان چۈشەنچىلەردىن ئازاد قىلىدۇ. يۇنان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ئېيتىشىچە، دۇنيادا پەقەت بىرلا ئىزگۈلۈك (ياخشىلىق)بار، ئۇ بولىسمۇ بىلىمدىن ئىبارەت. دۇنيادا پەقەت بىرلا ياۋۇزلۇق بار، ئۇ بولىسمۇ نادانلىق. دۇنيادا قانچىلىك ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن بىلىم كامالىتىدىن تۇغۇلغان ياخشىلىقتۇر. دۇنيادىكى ياۋۇزلۇق، پەسلىك ۋە رەزىللىكنىڭ ھەممىسى نادانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىلىم كامالىتى ۋە بىلىم بالاغىتى ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن ئۆز ئۆمرىنى سەرپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، شۇ يولدا ئىزدەنگەن كىشىلەرگە مەنسۇپ بولسا ، ئىلىم نادانلىقى ۋە بىلىم قاباھىتى ئىلىم ۋە بىلىمنى ئۆگەنىسمۇ، ئۇنى كىمگە، نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلمىگەن كىشىلەردىن ئىبارەت. ھەر ئىككىسى ئۆمۈر كۆرىدۇ. بىراق، بىرى ياشايدۇ؛ يەنە بىرى بولسا، ھايات كەچۈرىدۇ. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى ياشاش بىلەن ھايات كەچۈرۈشتە بولىدۇ.

## ئەرلەردە گۈزەل خۇيلار

*گۈل تۇتقان قول گۈل پۇرايدۇ. ئەقىللىك ئادەم تىكەنگە ئەمەس، بەلكى گۈلگە نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن خۇشاللىق، ھۇزۇر - ھالاۋەت ھېس قىلىدۇ.*

*— كۆڭۈل خاتىرەمدىن.*

پاك نىيەتلىك ئادەمنىڭ كۆڭلى گۈلزارلىقتا ئوخشايدۇ.

گۈلزارلىق ھاياتقا ھۇزۇر بېغىشلىغانىدەك، كوڭلى پاك ئادەممۇ خۇش تەبئەتلىك بولىدۇ. خۇش تەبئەتلىك ئادەمنىڭ كۆڭلى خاپىلىقتىن يىراق بولىدۇ. خۇش كۆڭۈل كىشى گويا ئېچىلىپ تۇرغان خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ. يۇرەكنىڭ سۆزى يۇرەككە ياقىدۇ، پاكىز سۇ دەريادا ئاققانىدەك، پاك قەلبتىن دىلغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى ئېسىل دۇردانىلەر ئېتىلىپ چىقىدۇ.

### 1. گۈزەل خۇيلۇق، شېرىن سۆزلۈك بولۇش

«ئەر»لىك سۈپەتلەرنىڭ بىرى گۈزەل خۇيلۇق، شېرىن سۆزلۈك بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. 12-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، ئەدىب ئەھمەت مەھمۇد يىنىنى يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق مەشھۇر داستانىدا، تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە تىلنى تىزگىنلەپ تۇتۇش توغرىسىدا توختىلىپ:

«ئويلاپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى سۆز جەۋھىرىدۇر. كۆپ مەمەدانلىق قىلغان تىل قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دۈشمەندۇر. ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغىپ تۇت. ئېغىز بوشلۇقى ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ. كىشىنى تىل بىلەن ئازابلىما، شۇنى بىلگىنكى، ئوق يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ. تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۈشمەندۇر. كۆپ سۆزلىگەنلەردىن ئۆكۈنگەنلەر كۆپ، تىلنى تىزگىنلىگەنلەردىن ئۆكۈنگەنلەر قېنى؟» دەپ يازغان.

ئەقىللىك ئىنسان خەلققە شېرىن سۆزلۈك بولۇشنى ھەمىشەملىك ئادىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. مۇز چىراي، ئاچچىق سۆزلۈك، تەئەددى سۆزلۈك كىشىلەردىن دوستلىرى ئەمەس، بەلكى ھەممە كىشى قاچىدۇ ھەم بۇنداق كىشىلەرنى خەلق «ئاغزىدا سۈپۈرگۈسى، قولتۇقىدا تۈزلۈق نوگىيى بار ئادەم» دەپ ئاتايدۇ.

ئادەمدىن ئادەم قېچىش ئۆزىگە دۈشمەننى كۆپەيتكەن بىلەن باراۋەر. دۈشمەندىن ساقلانمىغان ياكى دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرالمىغان ئادەم ئۆنىڭدىن دائىم زەرەر ۋە جاپا كۆرىدۇ. غەيۋەت - شىكايەت دوستنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرىدىغان يامان خۇسۇسىيەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

ئەي ئاقىل، ئۇنتۇمىغىنكى، غەيۋەت باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىش، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك تارقىتىش، باشقىلاردىن يامانلاش، ئاغرىنىش، بىر - بىرىگە ئەسكى تەرىپىنى قىلىش، ئاشكارىلاش بولۇپ، ئىنسان ئۈچۈن يامان ئادەت. ئەلنىڭ بېشى، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ئەركەكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ تېخىمۇ يامان ئىش بولۇپ، ھەقىقىي ئەركەكلىك سۈپەتكە پۈتۈنلەي يات، قەبىھ ئىللەت.

ئەجدادلىرىمىز غەيۋەت - شىكايەتنىڭ يامانلىقىدىن ئىنتايىن ئوبرازلىق ھەم ئۆتكۈر قىلىپ «غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغاننىڭ قۇلىقىنى كەس» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان. ئالەمنى تەۋرەتكۈدەك ئەركەك تۇرۇپ، پىتنە - پاساتچىلاردەك شىكايەت قىلىپ ۋە پىتنىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرساڭ ئۇنداقتا، سېنىڭ غەيۋەت خۇمارلاردىن نېمە پەرقىڭ؟ ئىنسان سۆھبەتدىشىنىڭ كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غەيۋەت - شىكايەت باشلانغان ھامان غەيۋەتنى توسۇشى، ئۆزى غەيۋەتتىن نېرى قېچىشى، ئەگەر سۆز بىلەن توسۇش بىئەپ بولسا سۆزنىڭ نۇقتىسىنى باشقا تەرەپكە بۇراش يولى بىلەن بولسىمۇ غەيۋەتتىن نېرى قېچىشنى بىلىشى كېرەك. غەيۋەت كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر، ئىناقلىق يولىغا تېرىلغان تىكەن. ئېنىقكى، تىكەن ئېلىۋېتىلسە ئۇنىڭ ئورنىغا گۈل ئۈنگەي ۋە خۇش پۇراق تارقىتىپ، ھاياتقا لەززەت، ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ. قۇرۇق سۆزنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئادەمگەرچىلىك يولى ئېتىلىدۇ.

## 2. يامانغا يانتاياق بولماسلىق

ئەرلەر شۇنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشى لازىمكى، يامانلارغا دوستلۇق ـ مەردلىك ئەمەس، بەلكى يامانغا يانتاياق بولغانلىقتۇر. «ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كۆچىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان «ياخشىغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار»، «قاغا بىلەن دوست بولساڭ يېيىشىڭ پوق» دېگەن ھېكمەتلەر بىزگە ئۆگۈت سۆزدۇر. ئەي ئەركەك، ئۇنتۇمىغىنكى، «دېھقان بىلەن يىلان» دېگەن مەسەل بىزگە مىراس، تەۋەررۇك. ئۇ ئەقلىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ يەكۈنىدۇر. ئەگەردە كەم ئەقىللىق قىلىپ، يامانغا ياخشىلىق قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ (يامانىنىڭ) زاتىغا قارا ۋە سەن ياخشىلىق قىلغاندىن كېيىنكى پېئىلغا قارا دە، دەرھال ئەقلىڭنى تاپ. مەسەلدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنغان:

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان قارا قىشتا يولدا كېتىۋاتسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يىلان بالىسى تۈگۈلۈپ ياتقۇدەك. دېھقان يىلاننى مۇزلاپ ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ ئىچ ئاغرىتىپ، قوينىغا سېلىۋاپتۇ. يول ئۇزۇن بولغاچقا ھېلىقى يىلان دېھقاننىڭ قوينىدا ئىسسىپ بەدىنىگە جان كىرىپتۇ ۋە ئاچلىقتىن دېھقاننىڭ بەدىنىگە نەشتىرىنى سانجىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراپتۇ. بەدىنىگە ئاچچىق ئازاب يەتكەن دېھقان قوينىدىن دەرھال يىلاننى ئېلىپ ئۇنى يەرگە ئېتىپتۇ ـ يۇ، ھايال ئۆتمەي بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپتۇ.

يامانلارغا دوستلۇق — ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ خالاپ دۈشمەنلىك قىلـ ـغىنىڭ ۋە قانچىلىغان ياخشىلارغا زەرەر سېلىشقا ياردەم بەرگىنىڭدۇر.

## 3. ئايال چۈشكۈنلۈكى ۋە ئۆلپەت تاللاش

ئۇنىڭدىن باشقا، ئايال چۈشكۈنلۈكى، بەتنىيەت يامان

خۇيلۇق كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت بولۇش ــ ئەركەكلەرگە ئۆلۈم ئىلىپ كېلىدىغان بەختسىزلىكتۇر. ئۆيۈڭدە مېھرىبان، تەقۋادار دىلرەبايىڭ ــ بالىلىرىڭنىڭ ئانىسى، سېنىڭ ئىككى دۇنيالىق هالال جۈپتۈڭ باغرىنى كەڭ ئېچىپ تۇرسا، ئۇنىڭ قەلبى، ئۇنىڭ سارىيى سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ، خاس خانەڭ تۇرسا، تۇزكورلۇق قىلىپ، «باغرى»نى ئۇچرىغانلىكى ئەركەكلەرگە ئاچىدىغان ساختا لىۋەنلەرگە، زەرەرلىك نازىنىنلارغا نەزىرىڭنى تاشلاپ نېمىگىمۇ ئېرىشەرسەن؟ بۇنداق ئايال چۈشكۈنلۈكى، بىلگىنكى، سېنىڭ يىلىكىڭنى قۇرۇتىدۇ.

ئېرى بار ئاياللارغا كۆز تىكىش ــ ھەقىقي ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس، ئېسىڭدە تۇت، بۇ ئىبلىسنىڭ ئىشى. ئىنسابسىز، قارا كۆڭۈل، بەتنىيەت ئىبلىس سۈپەت كىشىلەرلا بۇنداق خۇي - پەيلدە بولىدۇ. چۈنكى، بەختىيار كىشىنىڭ بەختىيارلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ھالال جۈپتىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ياشىنىدۇ، ئەزىزلەيدۇ. سىرتتىكى ساختا نازىنىنلارغا يامان كۆزدە تىكىلمەيدۇ. بۇنداق نازىنىنلار سېنى مەھلىيا قىلىپ گۈلگۈن ئېغىزلىرى بىلەن ساڭا سۆيگۈ سۇنۇپ، ئارقىسىدىن سېنى ۋەيران قىلغۇچى ۋاپاسىزدۇر.

ئەي ئالەمنىڭ ئەركىكى سانالغان ئەر، ئەقلىڭ تازا بولسۇن، ئۇنتۇپ قالمىغىنكى ۋە زىنھار تەكرارلىمىغىنكى، يامان خۇيلۇق، بەتنىيەت، ھاراقكەش، نومۇسسىز، تەلۋە، تۆھمەتخور، جېدەلخور كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت بولمىغىن. ئۇلاردىن نېرى قاچ، ياخشىغا قۇچاق ئاچ. ئېنىقكى، ياخشى بىلەن بىرگە يۈرسەڭ، ھەمسۆھبەتتە بولساڭ ئۇنىڭ ياخشى خۇلقلىرىدىن تەسىرلىنىسەن، ئۇلگە ئالىسەن، تەبىئي ھالدا ئۆگىنىسەن! يامان بىلەن ئۇلپەت بولساڭ، تەبىئىيكى، ئۇنىڭ بەتقىلىق، ناچار ئادىتىگە سۈكۈت قىلىشىڭغا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشىڭغا، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇشۇڭغا توغرا

كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزلۈكمۇ سەزمەي نە قانۇننى نەزەرگە ئالمايدىغان، نە جامائەتتىن ھېيىقمايدىغان، نە كىشىلىك ئەخلاق ئېڭى يوق، جەمئىيەتكە پاراكەندىچىلىك، كىشىلەرگە كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈشتىن، ئاتا - ئانىغا ۋە ئائىلىگە دىشۋارچىلىق سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئەل قارغىشىغا، نەپرىتىگە بەخشەندە ئىبلىس سۈپەتكە ئايلىنىپ قالىسەن. ئەي ئوغلان، ئەركەكلىكنىڭ بەلگىسىنى ئاددىي ھالدا ئېڭىكىدىكى ساقال - بۇرۇتتىن ۋە جىنىستىن دەپ تونۇما. بىلگىنكى، ئەركەكلىك بۇ خۇسۇستا توغرىلىق، ھالاللىق، راست سۆزلۈك بولۇشتۇر.

بۇرادەر، ئاقىل بولساڭ، تۆھمەتخوردىن، جېدەلخوردىن، نومۇسسىزدىن يىراق تۇر. ئىت سۆدىن چىقىپ سىلكىنىپ يۇندىسىنى ئەتراپتىكىلەرگە چاچراتقان كەبى قىسمەتكە قالما. «ياخشى بىلەن بىر بولساڭ ئېچىلار پورەكلىرىڭ، يامان بىلەن بىر بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ» دېگەن ھېكمەتنى دائىم ئېسىڭدە تۇت.

**4. لەۋزى ھالال، راست سۆزلۈك بولۇش**

ئەرلەردە گۈزەل خۇيلاردىن بىرى — لەۋزى ھالال، راست سۆزلۈك بولۇشتۇر. لەۋزى ھالال بولۇش دېگەن «سۆزگە ئەمەل قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئەركەكلىك سۈپەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇنداق سۈپەتكە ئېرىشمەك ھەقىقەتەن تەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئەركەكلەرچە ئىرادە، چىدام ۋە پەزىلەت كېرەك. لەۋزى ھالاللىقنى بىلمىگەن ئەرنىڭ يۈزى تۆۋەندۇر. ئۇنداقتا ئۇنىڭ راست سۆزىنىڭمۇ ھېچ ئەتىۋارى بولماس. دانالار ئۆگۈتلىرىدە ئېيتىپتۇكى: «يالغانچىنىڭ دوستى يوق» دەپ. يالغانچىلىق شۇبھىسىزكى، كۈچىنى يوقاتقانغا باراۋەر. ئەگەردە لەۋزىڭدە تۇرغۇڭ بار، لېكىن شارائىت يار بەرمەي ئامالسىز قالغاندا سەمىمىيلىك بىلەن سەۋەبىنى ئېيتىپ ئىزاھات بەر، ئۆزرە سورا. ئىشەنكى، بۇ

لەۋزىدە تۇرمىغاندىن كۆپ ئەۋزەل.

ئادەمنىڭ پەزىلىتى، ئائىلىۋى تەربىيەسى ۋە ئەقلىنىڭ جامالى بىر ئادەمنىڭ سۆزلىگەن سۆزى بىلەن ئاشكارىلىنىدۇ، ئەقلىڭ ۋە ئالغان تەربىيەڭ قانچىلىك ــ سۆزلىشىڭ شۇنچىلىك!! بىزدە: «ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەمەلىيەتتىمۇ تەربىيەلىك، تەلەپچان ئائىلىلەردە تەربىيەلەنگەن ئەركەكلەر قانچە كۆچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئائىلىدە ئەرلىك نوپۇزى قانچە يۇقىرى بولۇشىدىن، جەمئىيەتتە ھوقۇق مەرتىۋىسى ۋە ئىناۋەت ـ ئابرۇيى قانچە زىيادە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سالماق، شېرىن سۆز، سىپايە، مېھرىبان بولىدۇ، بايقاپ سۆزلەيدۇ. ئەدەپسىز، قوپال، بىھايا، بەتقىلىق، توڭ سۆزلەردىن يىراق تۇرىدۇ. تىلنى ياخشى باشقۇرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەرلىك سالاپىتىنى ساقلاپ تېخىمۇ سۈرلۈك، تېخىمۇ ۋەزمىن ۋە كۈچلۈك كۆرۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەربىر سۆزىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەرنى مۇۋاپىق سۆز بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى، باشقىلارغا مېھرىنى بېرىشنى ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئادەم قانچىكى قەدىر ـ قىممەت تاپقانسېرى ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا، جۈملىدىن تىلىغا شۇنچىلىك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. كۆپ ئاڭلايدۇ، ئاز سۆزلەيدۇ. سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزىگە ئالدىراپ لوقما سالمايدۇ. بىلمىگەن نەرسە ھەققىدە سۆزلەپ، مەمەدانىلىق قىلىپ لاۋزىلاشمايدۇ. بۇنداق ھەقىقىي ئەركەك سۆيەت ئەرلەر ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە، ئائىلىنىڭ ئىشەنچ ۋە رەھمىتىگە لايىقتۇر.

### 5. كەيپ ـ ساپادىن يىراق تۇرۇش

ئەرلەردىكى پاكىز خۇلقنىڭ يەنە بىرى، كەيپ ـ ساپادىن يىراق تۇرۇشتۇر. دانالارنىڭ ھېكمەتلىرىدە كۆرستىلىشىچە، ھاراق تەننى يىقىتقۇچى كەلكۈندۇر. ئۇ ئائىلىنى، ئىماننى ۋەيران

قىلغۇچى مەرەزدۇر. كىمكى كەيپكە بېرىلسە، ئۇنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىغا بىمەھەل پالتا ئۇرۇلۇپ، پەرزەنتلىرىگە تىرىك يېتىملىك ۋە مىسكىنلىك، ئائىلىسىگە ۋەيرانچىلىق يېتىدۇ. ئىچىملىك ئادەمنى ئىپلاس، نومۇسسىز ۋە قەرزدار قىلىپ قويىدۇ. كەيپكە ھەۋەس ئارتقانسېرى، ئادىمىيلىك سۈپەت كېمىيىدۇ. كەيپكە بېرىلگەن كىشىنىڭ تەلۋىلىكى غالىب كېلىپ، ئادەمگە قۇترىغان غالجىر ئىتتەك ھەيۋە قىلىدۇ. كەيپلىك ئەلىمنىڭ ئوتى ھايا پەردىسىنى كۆيدۈرىدۇ.

روھى پاكىز ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەكى، تېنى پاكىز بولىدۇ. ئەگەر سىز ئېغىر ۋە مەينەت جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ كىيىملىرىڭىزنى مەينەت قىلغان تەقدىردىمۇ، روھىڭىز پاكىز بولىدىكەن ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ، يۇيۇپ، تازىلاپ پاكىز تۇتالايسىز. بۇ خىل كىيىم - كېچەك پاكىزلىقى سىزنىڭ روھىڭىزغا، سالامەتلىكىڭىزگە، ئىززەت - ئابرۇيىڭىزغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەرلەر كىيىنىشتە ئۆزىنىڭ كىيىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ كىيىنىش - تارىنىش مەسىلىسىدە مەسئۇلىيەتچان ۋە سەگەك بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرىغا ھايالىق، سىڭىشلىك كىيىملەرنى كىيىشكە ھەيدەكچىلىك قىلمىقى لازىمدۇر. سىزگە قانداش مەزلۇملارغا كۆكۈل بۆلۈڭ، كۆيۈنۈڭ، ئۇلارنى قوغداڭ، ئۇلارنىڭ زامان تەقەززاسىغا بېرىلىپ ئەزالىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشىنى نازارەت قىلىڭ، شۇندىلا سىز ئائىلە مەملىكىتىڭىزنىڭ خاتىرجەم سۇلتانى بولالايسىز.

## 6. جۇرئەتلىك بولۇش

تەۋەككۇلچىلىك ئەركەكلەرنىڭ مۇھىم ياخشى سۈپەتلىرىنىڭ بىرى.

قورقۇنچاقلىق، توخۇ يۈرەكلىك، جۇرئەتسىزلىك ئەركەكنىڭ

سۈپىتى ئەمەس، ئەرلەر ئەرلەردەك جۈرئەتلىك، قورقۇمسىز، چىداملىق بولۇشى كېرەككى، كىچىككىنە ئىشلار، ھايات يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلار، تاسادىپىيلىقلار ئۈچۈن تەمتىرەپ ئائىلىسىدىكىلەرنى تېخىمۇ ئىزتىراپقا سالىدىغان جۈرئەتسىزلەردىن بولسا ياراشمايدۇ. ئېنىقكى، باشقا كۈن چۈشكەندە ئايالىڭىز ۋە قىزلىرىڭىز، ھەمشىرىلىرىڭىز بۇنداق چاغدا سىزگە يۆلىنىشنى ئىزدەيدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدا سىز يۆلەنچۈك بولماقتا يوق، ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز، ئائىلىڭىزدىكىلەر ئۈمىدسىزلىنىپ سىزنىڭ ئەركەكلىكىڭىزدىن گۇمانسىرىمامدۇ؟ بۇنداق چاغدا سىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرىڭىز ئالدىدا ھۆرمىتىڭىز بولامدۇ؟ شۇڭا ئېيتىمىز، مەلۇم بىر مەسىلىگە يولۇققاندا ئەركەكلەردەك تەمكىن، جۈرئەتلىك، تەدبىرلىك، قورقۇمسىز بولۇڭ، ئاز - تولا تەۋەككۈلچىلىك روھىنىمۇ يېتىلدۈرۈڭ.

ھاياتلىق ئالمىدە بىز ھەمىشە تۈرلۈك تاللاش ۋە شاللاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز، شۇنداقلا ھالقىلىق مەسىلىلەردىكى تاللاشقا تۇغرا كەلگەندە دائىم قورقۇپ، ئىككىلىنىپ، ئەندىشە قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ پىسخىك ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىمىز. ھالقىلىق مەسىلىلەردە پايدا بىلەن زىياننى دەڭسەپ بۇنداق ئارىسالدا بولۇش ۋە ئاقىۋەتتىن ئەنسىرەش گەرچە نورمال روھىي ھالەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئەرلەرگە نىسبەتەن قوشۇمىمىزنى تۈرۈپ، تەمكىن ھالدا تەۋەككۈلچىلىك قىلغانغا قارىغاندا زىيانلىق. بۇنداق دەككە - دۈككە ياكى ئىزتىراپلىق روھىي ھالەت ئەرلەرگە ياراشمايلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

بۇرادەر، سىز ئەركەكسىز! شۇڭا، تەۋەككۈلچىلىكنى چۈشىنىدىغان جىددىي پەيتلەردە لايغەزەللىك قىلماي، كەسكىن بىر قارارغا كېلەلەيدىغان، جۈرئەتلىك ۋە دادىل بولۇڭ. ھەرقانداق ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ۋەزىيەتنى، شارائىتنى،

پايدا - زيياننى دەڭسەپ ئوبدان ئويلىنىشىڭ- دە، ئازراق قاراملىقنى، تەۋەككۇلچىلىكنىمۇ بىلىۋېلىشىڭ. نىيىتىڭىزنى خالىس تۇتۇڭ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. خاراكتېرىڭىز، ئىش - ئەمەلىڭىز كەسكىن بولسۇن. جەمئىيىتىمىز تەۋەككۇلچىلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان شىجائەتلىك ئەركەكلەرگە بەكمۇ موھتاج. بۇ دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ تەلۋە، ياخشى - يامانىنى ئايرىمايدىغان، قانۇننىڭ نوپۇزىنى، كىشىلىك ئەخلاقنىڭ ھاياتىمىزدىكى مۇھىملىقىنى نەزەرگە ئالمايدىغان قارام تەلۋىلىكنى كۆرسىتەمەيدۇ، بەلكى بۇيەردە تەكىتلەنگىنى ھەق - ناھەق، پايدا - زىيان مەسىلە-لىرىدە بوشاڭلىق قىلىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك دېگەنلىك.

**ھېكايەت:**

ئۈچ دوست تىجارەت يولىدا مەبلەغ سالماقچى بوپتۇ. ئۇلارنىڭ سودىسى، مەبلىغى بىر ئىكەن. «مەبلەغنى مۇشۇ تۈرگە سالايلى»، دەپتۇ تىجارەتچى بىرىنچى ئەپەندى تەۋەككۇل قىلىپ ۋە تەۋەككۇل قىلىشتىكى مۆلچەرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئىككىنچى ئەپەندى ئارىسالدا بولۇپ، ئىككىلىنىش ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «بۇ ئاز پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس، مېنىڭ ھاياتىمدا تاپقان - تەرگىنىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ، ئەگەر بۇ سودىدا زىيان تارتساق مەن ئوڭدامغا ئۈچۈپ چۈشىمەن، شۇڭا بۇ مەبلەغنى سېلىش - سالماسلىقتا بىر قارارغا كېلەلمىدىم»، دەپتۇ. «مەن بۇ مەبلەغنى سېلىشقا قوشۇلىمەن» دەپتۇ ئۈچىنچى ئەپەندى كەسكىنلا. نەتىجىدە ئىككىنچى ئەپەندى تىجارەتكە قوشقان مەبلىغىنى قايتۇرۇۋاپتۇ ۋە دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ تېخى بۇ مەبلەغنى قانداق ئىشقا ئىشلىتىشنىڭ ئېپى - سېپىنى، قىلغۇچە ھېلىقى بىرىنچى، ئۈچىنچى ئەپەندىلەر مەبلەغ سالغان تۈردە چوڭ پايدا ئاپتۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەرلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە قاراملىقنى

بىلىۋېلىش ئىستىكى بولۇش زۆرۈر. ئائىلىۋى چوڭ ئىشلاردىمۇ، مەسىلەن، پەرزەنتلەرنىڭ مەكتەپ ۋە كەسىپ تاللىشى، ئۆي سېتىۋېلىش، نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرى كۆپىنچە ئاتىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. شۇڭا، ئەرلەر كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە شۇ ئاساستا مەلۇم تەۋەككۇل قىلىش روھى بولۇشى زۆرۈر.

## 5. ئائىلىۋى مەسئۇلىيەت

ئەرلەردىكى ياخشى خۇلقنىڭ يەنە بىرى ئائىلىۋى مەسئۇلىيەتتۇر. ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋائانىمىز يارىتىلىپ جاھان جاھان بولغاندىن تاكى بۈگۈنگىچە ئەر ۋە ئاياللاردا مەسئۇلىيەت ئېڭىنى بولۇپ شەكىللەندى. قايسى ئائىلىدە بۇخىل مۇۋازىنەت ۋە بۇ خىل تونۇش يېتەرلىك بولمىدى، شۇ ئائىلە بۇزۇلدى ياكى ئائىلىۋى تۇرمۇش كۆڭۈللۈك، ھايات گۈزەل بولماي كەلدى.

ئائىلىۋى مەجبۇرىيەت — يېزىق بىلەن تۈزۈلگەن، ھەممىگە ئورتاق قانۇن ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋىجدان ئىشى، ئەخلاق ئىشىدۇر. مەجبۇرىيەتنى تونۇماي ۋە ئۇنى سۆيمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئورۇنلاشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. ھەقىقىي ئىنسانغا نىسبەتەن جەمئىيەت ئالدىدىكى، ئائىلە ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تونۇش — نومۇس يولىنى تونۇغاندەك كاتتا ئىش بولۇپ، بۇ خىل تونۇش كىشىنىڭ يۈزىنى يورۇق، يولىنى ئوچۇق، گېپىنى يوللۇق، ھاياتىنى مەنىلىك قىلىدۇ.

ئائىلىلەردە ئۇنى بىراۋ ئېسىگە سېلىپ تەكىتلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى، بۇ دائىملىق ئەخلاقىي تونۇشنى تەكىتلەش — تەكىتلىگەن كىشىگە بىزارلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئالايلى: ئەسلىدە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزدە سىرتنىڭ

ئىشلىرىنى ئۆزى خالاپ ئۈستىگە ئېلىش، يوقنى بار قىلىش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ غېمىنى يېيىش، جەمئىيەتكە ھەم ئائىلىگە مەسئۇل بولۇش، توغرا يولغا باشلاش، ئۇلارنى قوغداش، ئائىلىنى گۈللەندۈرۈش يولى بىلەن ھاياتنى نۇرلاندۇرۇش — ئائىلىدە ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بولغاندەك، ئەرنىڭ ئەمرىنى تۇتۇش، باللارنى ياخشى تەربىيەلەش، ئائىلە ئىشلىرىنى تەرتىپلىك، ياخشى باشقۇرۇش، تېجەمكارلىق، ئائىلە ئەزالىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، كىشلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز يولىدا يۈرۈشتۈرۈش، ئۆي - ھويلا - قورۇ تازىلىقى، كىر - قاتلارنى يۇيۇپ تازىلاش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاش - تاماق غىزالىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئېپى - سېپى بىلەن جاي - جايىدا تەييارلاش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى تىلەش ۋە ئائىلىسىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆز - قۇلاق بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن ئاددىي، ئەمما مۇھىم ئىشلار تەبىئىي ھالدا ئائىلىدە ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ شەكىللەندى.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىمىزغا قىسمەن يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، ئەر- ئاياللار باراۋەرلىكى قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىپ مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇشى، نۆۋەتتىكى بىنالاشقان ئۆيلىرىمىزدىكى ئەرلەرگە سىرتقى ئىشلاردىكى مەسئۇلىيەت دەپ تونۇيدىغان جىسمانىي ئىش - ئەمگەكنىڭ ئاساسەن يوق بولۇشى قاتارلىقلار. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ ھەربىر ئەرنىڭ ئائىلىۋى مەسئۇلىيىتىنى چەتكە قاقمايدۇ. مەيلى جان سانى كۆپ، ئالاقىلىق چوڭ ئائىلىلەر بولسۇن ياكى جان سانى ئاز كىچىك ئائىلىلەر بولسۇن، ئۇنىڭدا ھامان مەسئۇلىيەت مەۋجۇت. بۇ بىر قانۇنىيەت. ئەگەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئائىلىدىكىلەر ئەرسىز ياكى ئايالسىز ۋەياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ

تۇرمۇش يەنىلا داۋاملىششقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئائىلىلەردە ئامالسىز ۋاقىتىنچە بىر تەرەپ بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نورمال ئەھۋالدا ئەر ياكى ئايال قايسى تەرەپ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتسا، ئائىلە ماشىنىسىنىڭ بىر چاقى پاتقاقتا پېتىپ قالغاندەك، يۈك بېسىلغان زەمبىلنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان ئادەم يوق، بىرتەرەپ كۆتۈرۈلۈپ ، بىرتەرەپ سۆرىلىپ قالغاندەك بىنورمال ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قاراپ باقساق، جەمئىيىتىمىزدە نۆۋەتتە ئەر - خوتۇن دەرقەمتى نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئادەم تولۇق يەنى ھەرئىككى تەرەپ بار. ئەمما، ئائىلىۋى مەسئۇلىيەت تونۇشى بولمىغانلىقتىن ياكى تۆۋەن بولغانلىقتىن، بەزى ئائىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرى ئىگرىماقتا، باللار ئىگرىماقتا، بويۇن قىسماقتا. ئالايلۇق، بەزى ئەرلىرىمىز كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن، ئىش - ئەمىلىنىڭ تايىنى يوق، تاپقىنى ئېچىش - چېكىش، ئويناشتىن ئاشمىغان. ئەمما، ئائىلىدە ئەرلىك ھەيۋىسى ئىنتايىن يۇقىرى، مەنىۋى جەھەتتە بولسا ئايالىغا يار - يۆلەك بولۇشنى بىلمىگەن. بۇنداق ئائىلىلەردە بىچارە ئاياللار نومۇسىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاپ بېقىپ، بولالمىغاندا يا كېسەل چېقىپ ياكى دەرد چېقىپ، نەتىجىدە ئائىلە ماشىنىسى بىراقلا پاچاقلانغان.

بەزى ئائىلىلەردە ئائىلىنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك ئىشلىرى پەقەت ئايالنىڭ زىممىسىدە بولۇپ، ئايال يوقنى بار قىلىشتىن بارنى بىرتەرەپ قىلىشقىچە، ئائىلىنى يۇرۇشتۇرۇشكىچە ھەممىسىدە قاتتىق چارچاپ، ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن بىزار بولغان؛ ئەرگە ئائىلىدە ھېچ ئىش يوقتەك، «بىكارچىلىق»تا زېرىككەن، ئايال ئېغىر بېسىمدا بىزار بولغان. زېرىكىشتىن ئورۇنسىز كۆنلەش، ئاغرىنىش، كوتۇلداش كۆپەيگەن، ئايال يېتىشەلمەي ئېغىر بېسىمدا ئائىلىۋى

تۇرمۇشتىن بىزار بولغان.

يەنە بەزى ئائىلىلەردە ئاياللار ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتكەن، كۆڭگە بىر قېتىم تاماق ئېتىش ۋە ئۆي تازىلىقىنىلا ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى مەسئۇلىيىتىنىڭ ھەممىسى قىلىۋالغان. بۇ خىلدىكى ئاياللار تەربىيەلىنىش دەرىجىسى ئەسلىدە يېرىم يارتا ياكى خام بولۇپ، تونۇش تۆۋەن، نادان، ئائىلىۋى بەختىنى قاتار چاي، زىبۇ - زىننەت ۋە كىيىم-دىنلا ئىزدەيدىغانلار. بۇنداق ئاياللار بىلەن ياشىغان ئەرلەرنىڭ ئائىلىدە ئورنى تۆۋەن، سۆزى ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، نادان ئاياللار نادانلىقتىن ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشنى، تۈزىتىشنى خالىمايدىغان، ھازازۇل، ھاياسىز، مەنمەنچى كېلىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە ئەرلەر ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ بولالماي ئېغىر چارچايدۇ، لېۋىنى چىشلەپلا ياشايدۇ. جەمئىيەتتە ئابرۇيى بولمايدۇ. ئۇنداقلارنىڭ پەرزەنتلىرى پەقەت ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولغاچقىلا، «ھە» ،دەيدۇ. ئەمما، چىن دىلىدىن ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. بۇ خىلدىكى ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى — ئەرلىك مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇيالمىغانلىقتىن، يېڭى توي قىلغان ياكى ياش چاغلىرىدا خاتالارغا، بىشەملىككە، نادانلىققا يول قويغانلىقىدۇر.

ئىككىنچى، ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ گېنى، ھۈجەيرىسى ۋە مىللەتنىڭ قېلىپىدۇر. بۇ قەدەر مۇقەددەس بىرلىكتە ئائىلە قورغىنىنىڭ باش قۇرغۇچىسى بولغان ئەر نىكاھلىق ئائىلىگە قەدەم قويغىنىدىن تارتىپ باشتىن - ئاخىر سەگەك بولۇشى، ئۆز بەختىنى ئائىلىنىڭ بەختى دەپ تونۇشى، ئۆز خۇشاللىقىنى ئائىلىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، ئائىلىسىگە غەمخان، پەرۋىشكار، پىداكار، پاشپاناھ، مەسئۇلىيەتكار بولۇشنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئائىلە ئىشى كۆرۈنۈشتە ئائىلىنىڭ شەخسىي

ئىشدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ جەمئىيەت ئىشى بولۇپ، بىر خاتىرجەمسىز ئائىلە جەمئىيەتكە نۇرغۇن خاتىرجەمسىزلىك ۋە بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەرلەر باشتىن - ئاخىر ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئائىلىسىگە، پەرزەنتلىرىگە قاتتىق قول ھەم مېھرىبان، تەلەپچان، ھەم يېتەكچى، غەمگۈزار، ھەم ئۇستاز، دوست، ھەم دىلكەش، پاسىبان بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. ئەردىن ئىبارەت بۇ ئائىلە مەملىكىتىنىڭ داھىيسى بەھرىمۇ ھەم زەھرىمۇ بولغان ھەقىقىي ئەركەك بولسۇنكى، ھەرگىزمۇ ئەرلىك نوپۇزىنى پەش قىلىپ قۇرۇق ھەيۋە قىلىدىغان مەمەدان بولماسلىقى كېرەك. ئائىلە ئەزالىرى ئاتىدىن ئەيمەنسۇن، ھۆرمەتلىسۇنكى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئاغرىنمىسۇن. ئاتا تەدبىرلىك بولسۇن، ئائىلىسىگە مېھرىنى بەرسۇن. پەرزەنتلىرىنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۈمىدۋار، مېھرىبانلىقنى بىلىدىغان، ئۆزىگە پۇختا، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، ئۆملۈك روھىغا ئىگە، تىرىشچان، سەۋرچان، ھايا - نومۇسنى بىلىدىغان، ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى كۆڭۈل بۆلەلەيدىغان ۋە ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان، پاراسەتلىك، جۈرئەتلىك، سەمىمىي، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، ئاچ كۆزلۈكتىن خالىي، مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىدىغان، ئۇستازلىرىنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئېسىل خاراكتېر - پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلىپ تەربىيەلەشنى مەسئۇلىيەت دەپ تونۇسۇن. داۋاملىق تىرىشىپ ئۆزىنى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتۈرسۇن ۋە ئۆز شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا توختاۋسىز تىرىشسۇن.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئاتا پەرزەنتكە نىسبەتەن بىرىنچى ئۇستاز، «ئاتا كىشىلىك ھاياتتىكى بىر پارچە كىتاب»تۇر. سىز شۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بولۇڭكى، سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزدىن پەرزەنتىڭىز، ئائىلىڭىز نەپ ئالسۇن، بۇ ئۇستازدىن سۆزسىز تەلىم ئالسۇن.

قبنى، بۇرادەر، تىرىشىپ باقامسىز؟ شۇندىلا هاياتىڭىز مەنىلىك، تۇرمۇشىڭىز گۈلگۈن بولغۇسى.

## 6. ئەرلەردىكى نۇقسانلار

ئەرلەردىكى گۈزەل خۇلقلارنىڭ يەنە بىرى ئەرلىك، ئەر-خوتۇنلۇق ۋە ئاتا - ئانىلىق ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردىن نېرى تۇرۇشتۇر.

بۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ئىنتايىن كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغانلىرى:

### 1. ئالدىراڭغۇلۇق

ئالدىراقسانلىق ھەركىشى ئۇچۇن زەرەرلىك ئىللەت. ئاقىل ئىنسان مەيلى گەپ - سۆز ۋە مەيلى ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىناسىنى تەمكىنلىك، ئەقىل ۋە سەۋر - چىدامنىڭ، پاراسەتنىڭ ئۇستىگە قۇرمىسا ۋە ئۇنى ئېغىرلىق بىلەن مۇستەھكەملىمىسە، ئالدىراپ قىلغان ئىش ۋە سۆزى مالامەت ۋە پۇشايمانغا ئېرىپ توختايدۇ. بەردەملىكى، قەتئىيلىكى ۋە سالماقلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدىغان ھەقىقىي بىر ئەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئالدىراقسانلىق ئەقلى، پەمى كالتىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلۇغ ئانا تەبىئەت بىزنى ئاپىرىدە قىلغان ۋاقتىدا ئاۋۋال ئەرنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىننەت بەرگەن، پۈتۈن ئالەم ئەھلىگە ئۇنىڭ شەۋكىتىدىن شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق بەرگەن سۈپەت — تەمكىنلىك ۋە ئېغىرلىقتۇر.

ھەركىشىكىم ئويلىماي تېزلىك بىلەن قىلسا ئەمەل،
ئاقىۋەت قىلغان ئىشىدىن كۆپ پۇشايمان يېگۈسى.

ئەي ئاقىل ئەر، ئېسىڭدە تۇتقىنىكى، سېنىڭ ئىلىم - بىلىمىڭ ھەرقانچە مول، نام - ئەمەلىڭ ھەرقانچە ئۈستۈن، ئەسلى زاتىڭ ھەرقانچە ئېسىل، بوي - قەددىڭ، قەددى - قامىتىڭ ھەرقانچە بەرنا بولسىمۇ ۋە زامان ئەھلى ساڭا باققۇدەك، تەرىپىڭنى قىلغۇدەك شۇنداق ياخشى سۈپەتلەرگە ئىگە بولساڭمۇ، ئەمما ساڭا ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يەڭگىللىك ھەمراھ بولىدىكەن، ئۇ ھالدا سېنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرىڭ خۇددى تۇزسىز تائامغا ئوخشاش بىمەززە بولۇپ، خالايىقنىڭ تەبئىتىگە ياقمايدۇ-دە، ھېچكىم ساڭا ئىلتىپات، رەھمەت ۋە ئىشەنچ قىلمايدۇ. دېمەك، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتان ۋەسۋەسىدۇر، ئۇنىڭ جازاسى —— پۇشايماندۇر. بىلگىنكى، پۇشايمان جان ئېكىكىدۇر.

## 2. ئاچچىقى يامانلىق

ئاچچىقى يامانلىق سىزگە پايدىلىقمۇ؟ بەلكى سىز خوتۇن بالىلىرىڭىزغا سۈر - ھەيۋە كۆرسەتتىم، ئۇلار مەندىن قورقسا، ئەتراپىمدىكىلەر تەپ تارتسا دەپ ئويلارسىز؟! ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، قورقۇتۇش، ۋارقىراش، ئاچچىقلاش بىلەن ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق بىشەم مىجەز چىدىماس ئەرلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئۇنداقلار سىرتتا خىزمەت، سودا، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى ياكى باشقا ئۆزى مەشغۇل ئىشلاردا چارچاپ، ئىچى پۇشۇپ، زىيان تارتىپ ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قالسا ياكى بىرەر ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا دەرھال قاپىقى سېلىنىپ، ئۆيىدە بوران چىقىرىپ، كەلسە - كەلمەس بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ، ئايالىنى ئەيىبلەپ، ھەتتا ھاقارەتلەپ، بالىلىرىنى سۈر - توقاي قىلىۋېتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىپ ئەرلىك ھەيۋىسىنى

كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. مانا بۇ — سېپى ئۆزىدىن ئاجىزلىق، نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىكتۇر. چۈنكى، سىزنىڭ چاڭقىغاندا مۇزدەك شەربەت ياكى سۇ سۇنۇپ، ئۆيگە ۋاقتىدا قايتمىسىڭىز ۋايىم يەپ تۈننى تاڭغا ئۇلاپ، ئاغرىسىڭىز كارىۋىتىڭىز ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، سىز كۈلسىڭىز چېھرى نۇرلىنىدىغىنى دەل ئاشۇ سىز ئورۇنسىز ئازارلاۋاتقان ھەمدەردلىرىڭىزدۇر.

دوستۇم، ئورۇنسىز ۋە زىيادە ئاچچىقلانماڭ، ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ، قاننى قىزىتىۋېتىدۇ. ئۇ جىسمانىي جەھەتتە ئەزىز تېنىڭىزنىڭ، مەنىۋى جەھەتتە ئىززەت ۋە ئىشەنچىڭىزنىڭ يىلتىزىنى قىرقىيدۇ.

### 3. بىكارچىلىق

بىكارچىلىق روھ ۋە تەننى قىرقىغۇچى پارازىت قۇرت بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە قىلىنغان زىيانكەشلىك دېيىشكە بولىدۇ. بىكارچىلىققا ئادەتلىنىش بىر ئەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېغىر كۈلپەت بولۇپ، موھتاجلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەردە بىر ئايال بولسا ئىدى، ئۇ باشقا گەپ. ئۇ تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى، ئەينەككە قاراش، بالا بېقىش بىلەنمۇ ۋاقتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن. ئەمما، ئەقلى - ھوشى جايىدا، تەندۇرۇس بىر ئەركەك ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىچىك ئىشلارنى ياراتماي، چوڭ ئىشلارنى قىلالماي بىكارچىلىقتا قېلىش ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

زېرىكىش — كۆپىنچە بىكارچىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە ناتوغرا قىلمىشلارنى، جىنايەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. قىيىنچىلىق كۆپىنچە ھۇرۇنلۇق ۋە بىكارچىلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا خارابلىققا، تەرسالىققا، قېيىدىغاق، پىتنىچىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەركىشى ئۆزىگە زۇلۇم قىلماي دېسە تىرىشىشى لازىم.

## 4. تەلۋىلىك

تەلۋىلىكنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتى بايقىماي، چاغلىماي سۆزلەش. دەڭسىمەي، پايدا - زىياننى مۆلچەرلىمەي ئىش قىلىشتۇر. تەلۋىلىك — ئەخمەقلىقنىڭ ئالامىتى بولسا، ئەقىللىك ئادەملەرنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلار ئۇستىدىن كۈلۈشتۇر. تەلۋە ئادەملەر ھەمىشە دىگۇدەك، يېقىن كىشىلىرىدىن رەنجىش، ئۇلارنى رەنجىتىش، ئۇلارنى ھاقارەتلەش، ئۇلارغا بوھتان چاپلاش، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ئۆز مەنپەئەتىگە كەلگەندە كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىشنى دائىملىق ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندۇرغان بولىدۇ. ھەربىر ئاقىل ئۆزىنى بىر قېتىم دەڭسەپ بېقىشى لازىمكى، بۇنداق ئىللەتلەر ئادەمنى ئادىمي قاتاردىن سقىپ چىقىرىۋېتىدۇ. باشقىلار بىلەن چىقىشالماسلىق، تېرىككەكلىك، بۇزۇقچىلىققا بېرىلىش، ئەزمىلىك، ماختانچاقلىق، ئورۇنسىز تولا كۈلۈش، سەممىيەتسىزلىك، غورۇرسىزلىق، جۈرئەتسىزلىك، قورقۇنچاقلىق، مۇغەمبەرلىك، يالغانچىلىق، مۇناپىقلىق، ياۋۇزلۇق، ۋىجدانسىزلىق...... قاتارلىق ئىللەتلەر ئەرلەرنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان يامان ئىللەتلەر جۈملىسىدىندۇر. يۇقىرىقى ئىللەتلەر بىر كىشىدە بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرمىسمۇ، لېكىن بىرى بىرىنى سۆرەپ چىقىشى مۇقەررەردۇر.

ئەقىللىك دوستۇم، ھاياتلىق ئالىمىدە قەدىر - قىممەت، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈلۈپ ياشاشنى خالامسىز؟ كىچىككىنە بىر ئىشقا تۇتۇلغان مۇئامىلىدىن شۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى، شۇ ئادەمنىڭ قىممەت قارىشىنى بىلگىنى بولىدۇ. ھۆرمەتلىك دوستۇم، نۇقسانسىز ئادەم بولماق بەسى - مۇشكۈل. لېكىن، دەۋر تەقەززاسى خاتالارنى ئادەت پېتى ئېلىپ يۈرۈشكە يول قويمىدى!

# V ئاياللىق ئەدەپلىرى

ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئاياللىق ئەدەپلىرى ماۋزۇسى ئاستىدا جەمئىيەت، ھايات، كىشىلىك، ئادىمىيلىك ھەمدە ئانىلىق مەسئۇلىيىتى، ئاياللىق سۈپەتلىرى ۋە پەرزەنت تەربىيەسى قاتارلىق جىددىي ۋە نېگىزلىك تېمىلار ئۈستىدە پىكىرلىشىپ، بۇ ھەقتىكى ئويلىغانلىرىم ۋە تەۋسىيەلىرىمنى ۋىجدانىڭلارغا ھاۋالە قىلىپ، قەلبىمنى بېسىپ تۇرغان ھېسلىرىمنى ئورتاقلاشقانلىقىم ئۈچۈن خۇشالمەن. چۈنكى، بۇنى ماڭا ۋىجدانىم خىتاب قىلغان! سىز ۋە مەن ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە كۆزىمىز كۆرگەن، قۇلىقىمىز ئاڭلىغان، بەزىلىرى بىزنى سۆيۈندۈرسە، قانچىلىرى ئەجەبلەندۈرگەن، ھەيران قالدۇرغان، ھەتتا نەپرەتلەندۈرگەن تۇرمۇش كارتىنىلىرى خىتاب قىلغان!

ئىنسانىيلىقنىڭ، ھاياتىيلىقنىڭ، ئۆمۈر ۋە ۋاقىتنىڭ، ئائىلىنىڭ ۋە ئائىلە مەسئۇلىيىتىنىڭ، ئانىنىڭ ۋە ئانىلىق، ئاياللىق مەسئۇلىيىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئەدەپلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن، ھەتتا بۇنداق مەزمۇن ۋە ھازىرلىقلارنىڭ زۆرۈرلۈكىدىنمۇ بىخەۋەرلا ياكى ئاساسەن خەۋەرسىز ھالەتتە ئائىلىلىك ۋە پەرزەنتلىك بولۇپ، ئۆز ۋۇجۇدىدا بولمىغانلىقتىن زۆرۈر نەرسىلەرنى پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتەلمىگەن ھەم شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلىرىدىن كەلگەن كۆلپەتلەر، رەنجىشلەر، تەشۋىش — نومۇسلار تۈپەيلى مېھرىلىك كۆزلىرىدىن ھەسرەتلىك ياشلار ئاققان، ئېقىۋاتقان تالاي ئانىلىرىمىز، ئاياللىرىمىزنىڭ تېگىرقاش ئېچىدىكى ئاچچىق ئەلەملىرى، قىزلىرىمىزنىڭ تەمتىرەش ۋە ئىزتىراپلىقلىرى خىتاب

قىلغان!

بۇگۈنكىدەك مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشقان كۈندىمۇ، ھەرقايسى پەنلەردىن خېلى مۇكەممەل ساۋات ئالغان، ئەمما دەرسلىكلەردە سۆزلەنمەيدىغان، لېكىن رېئال ھاياتنىڭ ھەربىر دەقىقىسىدە سىز، مەن، ئۇ دۇچ كېلىپلا تۇرىدىغان؛ كىشىلىك، ئائىلە، شەخسىي مۇناسىۋەتلەردىكى قانچىلىغان تەمتىرەش، كۆڭۈلسىزلىك ۋە بەختسىزلىكلەر مۇشۇنداق ۋىجدانىي دەۋەتلەر ۋە تەۋسىيەلەرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەمدە بۇ خىلدىكى تەۋسىيەلەرنى ئوقۇش، پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇشتىن كەلگەن زۆرۈرىيەت خىتاب قىلغان!

ئەسىرلەردىن بۇيانقى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئاياللار، بالىلار، ئائىلە، كىشىلىك، ئادىمىيلىك ھەققىدە دەۋەت قىلىنغىنىغا ئوخشاش، بۈگۈنكى كۈندىمۇ قانچىلىغان مەسئۇلىيەتچان ئالىملارنىڭ، پاراسەتلىك ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئوتلۇق قەلەملىرىدىن چاچرىغان بۇ ھەقتىكى ھارارەتلىك ئۈنچىلەر مەدەت بەرگەن ۋە خىتاب قىلغان!

ئائىلىلىرىمىزدىكى، جەمئىيەتتىكى تۆۋرۈكىمىز ھەم يۆلەنچۈكىمىز، پاسىبانىمىز بولغان ئەرلەرنىڭ ئاياللار، ئانىلار ۋە بولغۇسى ئانىلار ھەققىدىكى ئاغرىنىش، ئەيىبلەش، تەشۋىشلىرى ۋە ئوبيېكتىپ باھالىرى خىتاب قىلغان!!

ھۆرمەتلىك ئانىلىرىم، قەدىرلىك ھەمشىرىلىرىم، سۆيۈملۈك قىزلىرىم! پېقىر مۇشۇنداق كۈچلۈك خىتابلار ۋەجىدىن، ئىشەنچ ۋە ئارمان بىلەن خۇددى ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدەك نازۇك ھېسسىياتىڭىزغا، ئانىلار باغرىدەك كەڭ، ئانا مېھرىدەك چوڭقۇر، ئوتلۇق پىكىرلىرىڭىزگە، ناتىۋان قىزنىڭ قەلبىدەك ئارمانلىق تۇيغۇلىرىڭىزغا، ئاياللىق، ئانىلىق بابىدىكى ئىش - ئەمەللىرىڭىزگە مەسلىھەتداش بولار دېگەن ئۈمىدتە قولىڭىزدىكى

بۇ كىچىككىنە تەۋسىيەنامىنى سۇندۇم. بۇ مەسلىھەت ۋە تەۋسىيەلىرىم ھاياتلىق يولىڭىزغا كىچىككىنە نۇر بېرەلىسە، مەن ئالەمچە خۇشال بولىمەن.

## ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئەمەلىيەت

«ئاياللىق ئەدەپلىرى» دىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، مەڭگۈلۈك ھەم مۆجىزىلىك تېما تىلغا ئېلىنسا، كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال بىر ئائىلىنى بىنا قىلغۇچى، گۈزەللەشتۈرگۈچى، ئىناقلاشتۇرغۇچى، ئائىلە پائالىيىتىنى جانلاندۇرغۇچى، ئائىلىگە ئۇل بولغۇچى ۋە بىر ئائىلىنىڭ، ھەتتا بىر ئەلنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى يەنە بىر «باش رولچى» ئانىلار — ئاياللار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ماھىيەتتىمۇ ئايال — بۈيۈك سۆز بولۇپ، ئۇنىڭدا قىزلىق پاكلىقى، دوستقا خاس پىدائىيلىق، ئانا جاسارىتى مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. بۇ تېما تارىختىن بۇيان ھەرقايسى ئەللەردە تالاي ئالىملار، دانىشمەنلەر، يازغۇچى - شائىرلار، ئىجتىمائىيەت ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققەت - نەزىرىدىكى ئەڭ مەركىزىي تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. مەيلى قايسى ئەل، قايسى مىللەت بولسۇن جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى، بۇ تېما ساھەسىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات چوڭقۇرلۇققا ۋە كەڭلىككە يۈزلەنگەن.

ئايال — ئۇ پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ «بارومېترى» بولۇپ، قايسى ئەلدە ئاياللىق ئەدەپلىرى بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىۋىيىتى سۇغىرىلغان ۋە ئوزۇقلاندۇرۇلغان، ئاياللىرى مەسئۇلىيەتچان، جەمئىيەتنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى تونۇشى كۆتۈرۈلگەن بولسا، شۇ مىللەت ياكى شۇ ئەلنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسى يۇقىرى، جەمئىيەت خاتىرجەم، باللار يارامىلىق

بولىدۇ؛ قايسى ئەلدە ئائىلىلەر ئېتىبارسىز، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىز، بالىلار تەربىيەسى تۆۋەن ھالەتتە بولسا، شۇ ئەلنىڭ تەشۋىشى كۆپ، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولىدۇ.

يازمىلاردا ئېيتىلغان «مەدەنىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئائىلىگە بولغان مۇئامىلە بىلەن بەلگىلىنىدۇ» دېگەن باياندىن بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئېنىقكى، بۇ يەردىكى «ئائىلىگە بولغان مۇئامىلە» نوقۇل ھالدا قانداقتۇر مەلۇم ئەر ۋە ئايال ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي مۇئامىلىنى كۆزدە تۇتماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئائىلىلەر مەسىلىسىگە بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەقىقەتەن ئائىلىلەر مەسىلىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي مەسىلە دەۋرىمىز كىشىلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىت ۋە تەبىئىي بايلىق مەسىلىلىرىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم دۇنياۋى تېما بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ ــ ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى، مىللەت، ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسى، ئائىلىلەرنىڭ بەختى، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەم ۋە ئۈمىدۋارلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ھالقىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، رېئال تۇرمۇشىمىزدا «ئائىلە مەسىلىسى» بوھرانلىرى خېلىلا ئېغىر. بىرمۇنچە قىزلىرىمىز تېخى مۇھەببەت ۋە ئائىلە توغرىسىدا قىزغىن خىيال سۈرسىمۇ، تېخى ئائىلىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مېخانىزم بىلەن ئانىلىق، خوتۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس فۇنكسىيە توغرىسىدا ھېچقانچە ھازىرلىقى يوق، ھەتتا خېلى بىر قىسىم ئاياللار بۇنداق ھازىرلىقنىڭ بولۇشىدىنمۇ خەۋەرسىز. ئۇلار «ئالدى، تەگدى»، «ئۆي تۇتتى ــ تۇغدى» دېگەندىن نېرىغا ئۆتمىگەن. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى يۇقىرى باھالىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى زىننەتلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خۇددى تۇخۇمنىڭ ئىچى بىلەن

كارى بولماي، ئۇنىڭ شاكىلىنى قىزىل بويىغاندەكلا بىر ئىش، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى ئېچىنىشلىق.

ئائىلە ۋە ئاياللىق ھەققىدە ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولماي، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزى بىر - بىرلەپ ئىزدەپ تېپىش ھەقىقەتەن كۆپ بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ مەسىلىنى بىرقەدەر مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مىللىتىمىزدە ئاياللارنىڭ ئورنى زادى قانداق ئىدى؟ ئۇلارغا ئەزەلدىن ھېچقانداق «ئاياللىق»، «خوتۇنلۇق» ئەدەپلىرى بېرىلمىگەنىدى دەپ قاراپ، نۆۋەتتىكى بىرمۇنچە پاسسىپ ئامىللارنى شۇ سەۋەبتىن دەپ چۈشىنىش كېرەكمۇ؟

ھەقىقەتەن بۇ ناھايىتى مۇھىم مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، نەزىرىمىزنى يىراققا يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەتتىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىمۇ ئائىلە ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي بىرلىك بولغانىدى، شۇنداقلا جەمئىيەت توپىنىڭ ئاساسى بولغان ئائىلىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئاياللار بۇ خەلقنىڭ داستان، چۆچەك ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسلىق تېماتىكىسى ۋە ئانا تېما بولۇپ نەقىشلەنگەنىدى.

بۇ خىل ئىمتىياز ۋە ھۆرمەت خۇددى دۇنيادىكى باشقا مىللەت ۋە خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، ئەدەپ - ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ۋە ئىزدىنىشىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىپادىسىنى تاپقانىدى. بۇ خىل ئەسىرلەردىكى ئاياللار كۆپىنچە ئەدەپ - ئەخلاق، قەھرىمانلىق، پاكلىق، شەرەپ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ھەتتا بۇ خەلق تەپەككۇرىدىكى ئاياللار ئاددىي ئىنسان سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇلۇقنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان كۈچلۈك نۇر،

ياخشىلىقنى ۋە يىگىتلىكنى ئۆگىتىدىغان بىر پەرىشتە سىيماسى ئىدى. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا، قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ كۆكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق ئىچىدىن كۆرۈنگەن ئوغۇزخاننىڭ تۇنجى خوتۇنى، شۇنداقلا يەنە مۇقەددەس بىر دەرەخ كاۋىكىدىن كۆرۈنگەن توقىلى قاتارلىقلار.

دېمەك، بۇ خەلقنىڭ مىللىي تەپەككۇرى ئاياللارغا مۇتلەق بىر مۇقەددەسلىك، پاكلىق بەخش ئەتكەن، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ئالاھىدە قارىغان. گەرچە ئۇ يىراق دەۋرلەردە «كىشىلىك ھوقۇق» ئاتالغۇسى مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خەلق تەپەككۇرىدا ئاياللار ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇلارنىڭ پاكلىقىغا بولغان تونۇش ئاللىقاچان ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇرلار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقىدەك بىر قاتار يازما ئابىدىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاياللار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇلغان، قاتناشتۇرۇلغان، ئىجتىمائىي ئورۇن - مەرتىۋىلىرى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان. بۇ خىلدىكى مەزمۇنلار ئىپادە قىلىنغان ئەسەرلەردىكى ئاياللارمۇ پاراسەت بابىدا مۇكەممەل، پەزىلەت بابىدا يېتۈك، شەرم - ھايا ۋە ئەدەپ گۈلىستانىدا بىغۇبار، نازاكەت بابىدا چېۋەر ھەم سۇمباتلىق، ياخشى خۇلقلىق بولۇپ، ئەر - خوتۇنلار ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردە بىر - بىرىگە نىسبەتەن سەمىمىي ۋە ھۆرمەتلىك بولغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئاياللار ۋە ئانىلارنى يۇقىرىقىدەك ئەزىزلەپ ۋە مۇقەددەسلىك بەخش ئېتىپ، ئۇلارنى بىر خىل پاكلىق مەبۇدىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، بەدىئىي ئەسەرلىرىدە شۇ خىل ھالەتنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل تۇيغۇنى تىل - تەپەككۇر ۋە ئەمەلىي پائالىيەت جەريانلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ خىل مەبۇدىلىك، مۇقەددەسلىك قارىشى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئوخشاش يوسۇندا داۋاملىشىپ كەلگەن. بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلى ئىستېمالىدىكى «ئانا ۋەتەن»، «ئانا يۇرت»، «ئانا مەكتەپ» ئۇقۇملىرىدا ئىپادىلەنگەن بۈيۈك مۇقەددەسلىككە قارايدىغان بولساقمۇ، ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ. بۇ ئۇقۇملاردا ئىپادىلەنگەن يېتۈك مۇقەددەسلىكنى يەنە باشقا قانداق بىر سۆزدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن؟ شۇنداقلا يەنە قانداق ئادەتتىكى ئۇقۇم ۋە ئىسىملارنى «ئانا» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىبارە بىلەن سۆيەتلىگىلى ۋە مۇقەددەسلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟

خۇلاسە كالام، ئاياللىق — پاكلىق، ئانىلىق — مۇقەددەسلىك ئۇقۇمدۇر. ئۇنداقتا، ئايال بولسا، ئانا بولسىلا مۇشۇ سۆيەتلەرگە لايىق كېلەمدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورۇنلىرى يۇقىرى بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. كېسىپ ئېيتىمىزكى، بۇ خەلق كوللېكتىپىنىڭ ۋىجدانى ياخشىلىرى، توغرىلىرى ھەمدە پاكىز ئەخلاق ساھىبى بولغانلارنى مەدھىيەلىگەن، ئۇلۇغلىغان ۋە بۇلارنى ئەزىزلەش ئارقىلىق، يامانلارنى، خاتالىرىنى ئۇچۇقلاپ ۋە ساۋىداپ قىز - ئاياللارغا ئاياللىق، ئانىلىق، خوتۇنلۇق ئەدەپلىرى بېرىلگەن. جىگەرلىك، شەرم - ھايالىق، مەسئۇلىيەتچان، ئاياللىق سۆيەتلىرىگە ئىگە بولغان ئانىلار كوماراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا خېنىمدەك، باتۇرلۇق سەركىسى تۇماريستەك، تۈركەن خاتۇندەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۈۋى رابىيە خېنىمدەك، مۇقام ئۇستازى ۋە ئەدەپ چولپىنى ئامانىسا خېنىمدەك، پاكلىق سۇلتانى نۇزۇگۇمدەك، باتۇرلۇق ۋە ۋەتەنپەرەرلىكنىڭ ئابىدىسى رىزۋانگۇل ۋە يەتتە قىزلىرىمدەك تالاي مۇبارەك قىز - ئاياللارنى تەربىيەت بىلەن قاتارغا قوشۇپ، ئانىلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلغان. خەلقىمىزنىڭ قەلب زېمىنىغا گويا ئۇزۇلمەس ئېقىندەك ئېقىپ كىرىپ، تارىخنامىلەرگە يادنامە سۆپىتىدە يېزىلغانلىرى ھەقىقىي ئانىلىق، ئاياللىق سۆپىتىگە ئىگە ئاياللارنىڭ مىڭدىن

بىرى كېلەر، بەلكىم.

رېئال تۇرمۇشىمىزغا ۋە جەمئىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاياللىق سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق يېتىلدۈرگەن نى - نى ياخشى ئاياللار، ھەقىقىي ئانىلىق لاياقىتىگە مۇناسىپ ئەجىرلىك پەرۋىشكار ئانىلار، قوللىرىغا بەرىكەت، يوللىرىغا گۈل ئۈنگۈسى ياخشى كېلىنلەر، مەقسەت - مۇرادى ھاسىل بولغۇسى تىرىشچان، شەرم - ھايالىق، ئىلىمخۇمار زىبا قىزلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار ئىچىدىكى قانچىلىغان ئانىلار مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى شەھەر - يېزىلاردا ياكى ئىدارە - زاۋۇتلاردا، مەيلى خىزمەتتە ياكى ئائىلىلەردە بولسۇن، ئانىلارغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئايالغا خاس سۈپەتلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ھېسابلانغان پەرزەنتلەرنى تۇغۇپ ۋە تەربىيەلەپ، ئۇلارغا ئادەم بولۇش يوللىرىنى ھەمدە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەجرى بىلەن جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ. ئۆلۈم دەھشىتى ۋە نىكاھ ئوڭۇشسىزلىقى تۈپەيلىدىن قانچىلىغان ئانىلار ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئەر قاتارى ئەلگە قوشتى. ھەقىقىي ئانىلىرىمىز ۋۇجۇدىدىن يالتىرىغان ئاددىيلىق ئىچىدىكى بۇنداق ساپلىق ۋە پىداكارلىق ياش قەلبلەرگە ئۆرنەك. مانا مۇشۇنداق ئانىلار پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالقىش ئۇقۇپ مەدھىيەلىشىگە مۇناسىپ.

ئەپسۇس، خۇددى گۈلنىڭ تىكىنى بولغىنىدەك، مۇشۇنداق ئاياللىق سۈپىتى مۇكەممەل بولغان مەسئۇلىيەتچان قىز - ئانىلارنىڭ ھايات مەنتىقىلىرىگە تەتۈر ھالدا يول تۇتىدىغان پەزىلەتسىز، نادان، بىھايا، مەسئۇلىيەتسىز بىر قىسىم قىز - ئاياللىرىمىز دەۋر، مىللەت، ئائىلە، پەرزەنت ۋە ئۆزىنىڭ ئوبرازى،

قەدىر - قىممىتى دېگەنلەرنى بىر يانغا چۆرۈپ قويۇپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، پەزىلەتلىك، تەربىيەلىك ئاياللار ۋە ھەقىقىي قىزلىق، ئانىلىق سۈپىتىگە مۇناسىپ قانچىلىغان پەرىشتە سۈپەت ئانىلىرىمىز، ئاياللىرىمىز ۋە غۇبارسىز، شەرم - ھايالىق قىزلىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەكتە. يەنە خېلى زور بىر قىسىم قىز - ئاياللىرىمىز ياخشى بىلەن ناچار، توغرا بىلەن خاتا ئوتتۇرىسىدا تەمتىرەپ يۈرمەكتە. بۇ خىلدىكى خىسلەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: كىشىلىك مۇئامىلىدە بەكمۇ يەڭگىل، بىشەم، جاھىل، قارا قورساق؛ يەنە بەزىلىرى نادان، بىھايا، مەسئۇلىيەتسىز؛ بەزىلىرى يوقىلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلى جېدەلخور، ھازازۇل، چىدىماس، غەيۋەتخور؛ بەزىلىرىنىڭ دىتى يوق بولۇپ، بەختىنىڭ نېمىلىكىنى، بەختىنىڭ خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، خاتىرجەملىكنىڭ ئۆزى بەخت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇ تۈپەيلى ئائىلىلەرگە، كۆڭۈللەرگە، ئاتا - ئانا، قولۇم - قوشنىلارغا، نارەسىدە باللار ۋە ئۆزلىرىگە كەلتۈرگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرى ۋە بەختسىزلىكلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ئۈھسىندۈرىدۇ، ئويغا سالىدۇ.

خەلقىمىز ئىچىدە «چوڭ - چوڭ قىرلارنىڭ يار ئېلىشى چۈمۈلە تەشكەن تۆشۈكتىن باشلىنىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. ھەقىقەتەن بۇ ئىشلارغا ماھىيەتلىك پىكىر يۈرگۈزگەندە مەسىلىنىڭ نېگىزى يەنىلا ئۇلارنىڭ بالىلىق - ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئادىمىيلىك تەربىيەسى، خاراكتېر، ئېتىقاد تەربىيەسى قاتارلىق نېگىزلىك تەربىيەنى ئاتا - ئانىدىن مەيلى بىۋاستە ياكى تۇيغۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلالمىغانلىقى، تۇرمۇش بىلىملىرىگە خاملىقى ھەمدە ئۆزىنى ئۈزۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىستىكىدە بولمىغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

دانالار ئېيتىدۇكى: «مەدەنىيەتلىك ھەمدە كەلگۈسى پارلاق مىللەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەممىدىن ئىلگىرى شۇ مىللەتتىكى قىز - ئاياللارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئائىلە ئىچكى ۋە ئىش - ھەرىكىتىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ». ئۇنداقتا، بىز قانداق بىر ھالەتتىكى ئورۇندا تۇرۇۋاتىمىز؟ ئايالنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەدەپلىرى نېمە، بۇرچى نېمە دېگەنلەرنى بىلمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ زامان تەلىپىگە لايىق مەدەنىيەتلىك ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىلى بولىدۇ؟

ھەممىگە ئايان، ئىگىلەپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان نارەسىدە بالا ئانا ئۈچۈن گويا كۇلالچىنىڭ قولىدىكى سېغىز لاي. كۇلالچى سەنئەت تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ئۇنى قانداق شەكىلگە كەلتۈرۈشنى خالىسا، شۇ شەكىلگە كەلتۈرىدۇ. ئەمما، ئانىچۇ؟ ئۇمۇ بالىنى بېقىش، چوڭ قىلىش جەريانىدا بىر بىيولوگىيەلىك ئادەمنى ئۆزىگە خاس خاراكتېر خاسلىققا، خۇي - مىجەزگە ئىگە بىر ئىجتىمائىي ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئانا ئۆزىدە ھەقىقىي ئانا بولۇش شەرتلىرىنى ھازىرلىغان، مەسئۇلىيەتچان ئانا بولسا، بالىنى بېقىش، چوڭ قىلىش جەريانىدا بالىغا ئۆز ئېتىقادى، خاراكتېرى، غايىسى، ئادىمىيلىكى ۋە خۇلقىنى سىڭدۈرەلەيدۇ ۋە بالىنىڭ بىر پۈتۈن ھايات مۇساپىسىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم قۇرالايدۇ ھەمدە بۇ ئەجرى بىلەن جەمئىيەتكە ئالاھىدە تۆھپە قوشالايدۇ.

ئەگەر، ئەكسىچە بولسا ئانا بالىنى تۇغىدى، شۇڭا ئۇ ئانا، ئەمما ھەقىقىي، چىن مەنىدىكى ئانىلىق سۈپەتلىرىگە نائىل بولالمايدۇ. بالا تۇغۇشنى ھايۋانمۇ بىلىدۇ. تەربىيەسىز بالا ھايۋان بىلەن ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ. «ئانا كۆر قىز ئال، قىرغاق كۆر بۆز ئال» دېگەندىن ئىبارەت خەلق تەمسىلىدا ئەكس ئەتكەن بۇ سادا خەلقىمىزنىڭ ئانىلارغا قويغان تەلىپى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز ئانىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئانىلىق سۈپىتى، ساپاسى ۋە پەزىلىتىگە، ئانىلىق مەسئۇلىيىتىگە بولغان كەسكىن خىتابى!

بولۇپمۇ تۆۋەندىكىدەك ئاياللارنىڭ جەمئىيەت، ئائىلە ۋە پەرزەنت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە، دەۋر تەرىپىدىن قويۇلغان تەخىرسىز تەلەپلەر كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كەڭ ئاياللار ئاممىسىنى تەربىيەلەش، ئۇلارنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، پەزىلەت، ئەدەپ - ئەخلاق ھەمدە گۈزەللىك تەربىيەسى بېرىش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئۇنداقتا، ئايال كىشى قانداق سۈپەتلەرنى ھازىرلىسا، ئاندىن ئەدەپلىك ھېسابلىنىدۇ؟ بۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى، تەلەپ - ئىپادىلىرى ئىنتايىن كۆپ تەرەپلىملىك ۋە كەڭ بولۇپ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇ ئادىمىيلىكنىڭ بەلگىسى، ئېتىقادنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ياخشى بولغان ئەدەپ - ئەخلاق كىشىنى ئىززەت - ئىكرامغا نائىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ناچار ئەدەپ - ئەخلاق ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئابرۇيىنى تۆكىدىغان يېزىقسىز قانۇن. بۇ يەردە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆز - ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرسا يەنە ئۇنى ناچار ياكى ياخشى دەپ ئايرىغىلى بولامدۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەخلاق قارىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەخلاقنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئايرىيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ۋەتەن، خەلق مەنپەئەتىنى بىرلىك قىلىش. شۇڭا دەيمىز، ئەدەپ - ئەخلاق ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان مەنىۋى مىزان. ئۇ ياشاش ئۆلچىمى، ئادىمىيلىك دەستۇرى. ئۇ چېگراسىز ۋەتەن، ئۇ ئۇلۇغلۇق ۋە مەرھەمەتلەر ھامىيسى. ئەگەر كىمكى، ئەدەپتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئەڭگۈشتەردىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي. خەلق توغرا ئېيتىدۇ: ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ بويى بىلەن ئۆلچەنمىگەندەك، خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ ئۇنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بىردىنبىر ئۆلچەم —

ئۇنىڭ ئەقلىي كامالىتى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكىدۇر.

## ئىلىم تەھسىل قىلىش

ئىلىمنىڭ مەنىسى دېڭىزدەك چوڭقۇر، ئالەمدەك كەڭ (بۇ يەردە پەقەت ئۆز تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىلا تەكىتلەيمىز). يىغىنچاقلىغاندا: بىرىنچىسى، ئىجتىمائىي بىلىملەر؛ ئىككىنچىسى، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى؛ ئۈچىنچىسى، تۇرمۇش بىلىملىرىدىن ئىبارەت.

بىز ئىجتىمائىي ھايات پائالىيەتلىرىمىز جەريانىدا ئۆز شارائىتىمىز ۋە تىرىشچانلىقلىرىمىزغا ئاساسەن ئاز - ئازدىن توپلىغان، ئۆگەنگەن بىلىم - تەجرىبىلىرىمىز ئاساسىدا ھاياتلىق ئالىمىدە ئۆزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. چۈنكى، مەيلى ماددىي ياكى مەنىۋى ھاياتتا بولسۇن، كىمكى ئىلىمگە تايىنىدىكەن ۋە ئىلىمنى گۈزەل خۇلقلار بىلەن بىرىكتۈرەلەيدىكەن، ئۆزۈكسىز كامال تاپىدۇ ۋە ئۇتۇقلارغا ئېرىشىدۇ. ئىلىم — پەقەت ئىلىملا ئىنسانىنى ئازاد ۋە ئۇلۇغۋار قىلىدۇ. ئىلىمسىزلىك — ئاجىزلىق بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنى كۆلپەتلىك قىلىدۇ. بۇ خۇسۇستا، مەيلى كىلاسسىك يازمىلاردا، ئۆگۈتلەردە بولسۇن، ھېكمەتلەر كۆپ بولۇپ، ئىلىمنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئىككىنچى بىر ئامىل ھېچ يوق. ئۇنداقتا، دەۋرىمىز ئاياللىرى ئىلىمگە قانداق مۇئامىلىدە بولمىقى زۆرۈر؟

ئاياللاردا ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆزۈكسىز ئۆگىنىش، ئۆز - ئۆزىنى ئۆزۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارزۇسى بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى يارىتالمايلا قالماستىن، بەلكى ئەتىكى بەختىنى بوغۇپ، ھەتتا تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى، بىلىم

ئىنساننىڭ ھەممە يوللىرىدىكى يولدىشىدۇر. ئالايلۇق، بىر ئايال ئەقەللىيسى ئايالدا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر سۈپەتلەرنى بىلمىسە، ئاياللىق بۇرچى، ئائىلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمىسە ياكى ئانا بولۇش پەقەت بالىنى ئاچ قويماي، كۆيدۈرمەي، توڭلىتىپ قويماي چوڭ قىلىش دەپلا چۈشەنسە؛ ئۇ جامائەت سورۇنلىرى ئەخلاقىنى، قوشنىدارچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق ئەخلاقىنى تولۇق بىلمىسە، قېيىنئانا - كېلىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمىسە، ئۆي تۇتۇش سەنئىتى ۋە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇنى قانداقمۇ نورمال ئايال دېگىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا، باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان پەرزەنت ئائىلىدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ، تاپشۇرۇققا مۇناسىۋەتلىك، ئانىسى بىلىش دائىرىسىدە زۆرۈر بولغان ئاددىي بىلىملەرنى سورىسا، ئانا جاۋاب بېرەلمەي قېلىۋەرسە ياكى سوئال سورىغان بالىنى رەت قىلسا، نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

دېمەك، ئايالLAR بىلىملىك بولۇشى لازىم. ئەڭ ئەقەللىي بولغان نان يېقىش، مال بېقىش، ئوت ئوتاش ئۈچۈنمۇ بەزى بىلىملەرنى بىلىشى زۆرۈر. بىلىمەي ئىشلىگەندىن بىلىپ ئىشلىگەننىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى. ئايالنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى بولغان بالىلارنى بېقىش ۋە تەربىيەلەش ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايال زاتىنىڭ تىرىشچان بولۇپ، ئۆزىنىڭ زۆرۈرىي بىلىملىرىنى ئاشۇرمىقى زۆرۈر.

ھەقىقەتەن ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ۋەزىپىسى ئېغىر. ئۆمۈر قىسقا، ۋاقىت چەكلىك، ئىلىم بولسا چەكسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئايال ھېچبولمىغاندا، ئۆز ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان خىزمەتكە ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا، پەرزەنت تەربىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى بىلىشكە مەجبۇردۇر. ئۇنداق بولمىسا كەمتۈك ھېسابلىنىدۇ.

بۇگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ياشاۋېتىپ، تېلېفونىنىڭ نومۇرىنى
ئوڭشاپ ئۇرالمايدىغان هەم «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام
بەرسە، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرالماي «هە»
دەيدىغان، ئەمما بىر ئائىلىدە ئانا بولۇپ، بالىلىرىنىڭ گەپ
ئاڭلىماس، غەرەز ئۇقماس، كۆيۈمسىزلىكىدىن، ياخشى
ئوقۇيالمىغانلىقىدىن داۋاملىق ئاغرىنىپ يۈرىدىغان ئانىلىرىمىز،
ئاياللىرىمىزمۇ هەم بار، بۇ بىر پاجىئە.

كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىر ئائىلىدە ئايال قانچە ئىلمىي
بولسا، شۇنچە ياخشى، قانچە چېۋەر ۋە مۇكەممەل بولسا، قانچە
كۆپ تەربىيە كۆرگەن بولسا، شۇ جەمئىيەت، شۇ نەسەب ۋە شۇ
ئانىلار ئۈچۈن شۇنچە ياخشى ۋە شۇنچە ئەۋزەل بولىدۇ، ئائىلە،
جەمئىيەت ۋە شۇ نەسەب سائادەتتىن بەهرىمەن بولىدۇ. شۇ ئايال
ئېرىشكەن تەربىيەسى، ئۆلگە بولارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن
پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەپ، پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ئەلنى
گۈللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇ تەربىيەلىگەن پەرزەنتنىڭ ياخشى
پەزىلىتى، ئەلگە قوشقان ئۇنتۇلماس تۆھپىسى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك
تۆھپە بولۇپ تارىخنامىلەرگە يېزىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆمرىمۇ
ئەبەدىيلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق شەرەپكە نائىل بولغان ئائىلىدە
ئەرمۇ خاتىرجەم، شادىمان، بەختلىك، پەرزەنتمۇ بەختىيار هەم
ئىستىقباللىق بولىدۇ.

ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك ئىلىم دائىرىسىدە يەنە تۈرلۈك
تاماقلارنى چېۋەرلىك بىلەن تەييارلاش، تاتلىق - تۈرۈملارنى،
پىشۇرۇقلارنى پىشۇرۇش، بىرنەچچە خىل سوغۇق سەي تەييارلاش،
كىيىم تىكىش، ئۆيدە گۈل ئۆستۈرۈش، گۈل - كەشتىلەرنى
كەشتىلەش، گىلەم توقۇش قاتارلىق قول هۈنەرلىرىنى بىلىش
قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئاياللاردىكى بىر خىل ئۈستۈنلۈك،
نىسپىي مۇكەممەللىك ۋە چېۋەرلىك هېسابلىنىدۇ. بۇنداق

ئارتۇقچىلىقى بار ئايال بىلەن ئۆمۈرداش بولغان ئەر ۋە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغىمۇ ئۇنىڭ بەلگىلىك پايدىسى بولىدۇ، تۇرمۇش مەلۇم دەرىجىدە قولايلىشىدۇ. ناۋادا خىزمىتى يوق، ئەمما ھۈنىرى ياكى ھالال تىجارەت قىلىشقا ئېپى ۋە غەيرىتى بار ئەپلىك بىر ئايال ئېرىدىن تۇل قېلىپ بالىلىرى يېتىم بولسا، ھۈنىرى، كەسپى سايىسىدا بىچارىلىككە قالمايدۇ، بالىلىرىنى سارغايتمايدۇ. ئەكسىچە، كۆڭلۈكى بىر - ئىككى قېتىم تاماق ئېتىشنى ۋە دائىملىق ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنىلا بۈيۈك مەقسەت قىلىۋالغان ئاياللار كۆڭۈللىرىنى تېلېۋىزور كۆرۈش، ئۇخلاش ۋە نەدىكى زۇرۇرىيىتى بولمىغان ئىشلار بىلەن بوشاڭلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ ۋاقىت قارىشى بولمايدۇ. ساپساق تۇرۇپ كۆزىنى پارقىرىتىپ، بىر خىلدا ياشاش ئۆمرىنى بىكار خورىتىش ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئازاب كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئاياللار، پاك، ئېتىقادلىق بولۇشى، كىتابىي بىلىملەردىن باشقا ئىجتىمائىي بىلىملەرنى بىلىشى، داۋاملىق ئۆگىنىشى، تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. كونىلاردىن قالغان «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دېگەندەك، داۋاملىق ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇشى لازىم. ئەگەر قول ھۈنىرى بولمىسا ياكى قىلىدىغانغا ھەقىقەتەن باشقا ئىشى بولمىسا، ئۆزىگە پايدىلىق رىسالىلەرنى ئوقۇش، ئۆزىگە كېرەكلىك، ئائىلىگە پايلىق ئىشلارنى قىلىش، ئاياللارنىڭ زېرىكىشلىكىنى تۈگىتىپ، خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. مەسىلەن، بالىلارنى ياخشى ئۇسۇل بىلەن تۇتۇش، پەرۋىش قىلىش، تېز ئاسراش، ئۆيدە ھۆسن تۈزەش، يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق كېسەللەرنى داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش قاتارلىقلار ئائىلىدە ئاياللار ئۈچۈن ئائىلە قوۋناقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ياخشى ئائىلە پائالىيەتلىرى جۈملىسىدىندۇر. كىتابلاردا سۆزلەنگەن

دانىشمەنلەر نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، خاتالىقلاردىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆز ئەيىبلىرىنى تونۇتۇپ، ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆز شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش ياخشى پەزىلەتتىندۇر. چۈنكى، ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئىلىم دۇنيا ئاخىرەتتە سائادەتلىكتۇر.

## ئائىللىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش

ئائىللىق مەسئۇلىيەت ۋە ئائىلىق بۇرچ بەكمۇ نازۇك، ئىنتايىن مۇھىم ۋە مەزمۇن قاتلىمى تېرەن بولغان ئوبيېكتىپ مەسىلە، چۈنكى ئائىللار ئائىلىق ۋە ئائىللىق مەسئۇلىيەتتىن چەتنىگەن ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە شۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئائىل خۇش پۇراق گۈل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىلە بېغىغا ھۆسن بەرگۈچى، پەرزەنت قەلبىگە خۇش ھىد چېچىپ گۈزەللىككە يېڭى كۈچ قوشۇپ، ئەجدادلار شەجەرىسىنى كۆكلەتكۈچى، ئاددىي،ئەمما ئۇلۇغۋار پىلانلىرى ۋە مىننەتسىز مېھنەتلىرى بىلەن ئەلنىڭ، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۆيۈنگۈچى، ئۇلۇغ ۋە ئۆچمەس بۈيۈك تۆھپىلىرى ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان پىداكار!

ئېنىقكى، ئادەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى قانچىلىك چۈشەنسە، ئۆزىنى شۇنچىلىك چۈشىنىدۇ. ئۆزىنى قانچىلىك چۈشەنسە ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى شۇنچىلىك چۈشىنىدۇ، تونۇيدۇ، ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك، ئۆزىنى بىلەلمەسلىك ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى چۈشەنمەسلىك بولۇپ، نادانلىقنى بەلگىلەش شۇ كىشىدە ئاشكارىلىنىش بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە بىلىش دائىرىسىنى بىلمەيدىغان ساھەلىرىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئۆزىنى بىلىشىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قېرى ياكى ياش بولسۇن ھاياتلىق ئالىمىدە نەپەس ئېلىۋاتقان ھەرقانداق تەندۇرۇس ئەقىل ئىگىسىدە چوقۇم تېگىشلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى لازىم. بىر مەسئۇلىيەت تونۇغان كىشىگە ئاۋازسىز بۇيرۇق! ئۇ ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقى! ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئانىلىق مەسئۇلىيىتىدىنمۇ ئېغىرراق مەسئۇلىيەت يوق. ئانىلاردىكى مەسئۇلىيەت ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئويلىنىشتىن باشلىنىش لازىم. بىر ئائىلە، بىر جەمەت، بىر ئۇرۇق، بىر قەبىلە ۋە بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇ ئانىنىڭ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىغان ياكى قىلالمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئانىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدىكى مەسئۇلىيىتى نوقۇل ئورنىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان تەرىپىدىلا كۆرۈلمەيدۇ. ئۇ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى بىلگەنىكەن، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا كونكرېتلىققا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىدىكى ئەقىل - ئىدراك ۋە ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ ھالال سەرپىياتى ئارقىلىق ئۇلارغا مەسئۇل بولۇپ تۇرىدۇ. كونكرېتلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

### 1. پەرزەنت تەربىيەسى

پەرزەنت — پەرزەنتلىك بولۇش بەختى ۋە خۇشاللىقى نېسىپ بولغان ئاتا - ئانىغا نىسبەتەن ئەڭ بۈيۈك سوۋغات. ئۇ ئاتا - ئانىنىڭ قايتا دۇنياغا كەلگەن ئوبرازى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى ۋە ئۈمىدى، ئارمانلىرىمىز ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ داۋام ئەتكۈچىلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىر تارىخىي بوغۇمى.

«ئانا» — گۆدەكلەرنىڭ تىلى ۋە دىلىدىكى ئارزۇ - ئارمىنى بىلەن ئادەمزاتنىڭ تۇنجى تەربىيەچىسى بولۇپ، مىللەتنىڭ كېلەچىكى ۋە بالىلار بەخت - ئىقبالىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان مۇرەببەدۇر.

ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئەلنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسى بالىلارنى توغرا تەربىيەلەشكە باغلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنى باشقۇرۇشتىمۇ چوڭقۇرراق كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىمۇ ئەستايىدىل، دانىشمەنلىك كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلە تۇنجى ۋە ئەڭ مۇھىم ئىنتىزام مەكتىپى بولۇپ، ئانا بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاساسلىق مۇئەللىمى. ئائىلە ھاياتىنىڭ باش مۇددىئاسىمۇ پەرزەنت تەربىيەسى ۋە بەختىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا ئانىلار ۋە ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلار ئالدى بىلەن «ئانا» لىق مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تولۇق مەنىسى بىلەن چۈشىنىشى، ئۆزىگە ھەرقايسى جەھەتلەردىن كۈچلۈك تەلەپ قويۇشى، ئىجابىي تەربىيەدە ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، ئۆزىنىڭ نەسىھەت - تەۋسىيەلىرى، تەلىملىرى، مۇھىمى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق پەرزەنت ۋۇجۇدىدا ئېتىقاد، ساغلاملىق، ئىنساب، قەدىر - قىممەت، ئۇيات - نومۇس، ۋاپادارلىق، شان - شەرەپ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرۇقلىرىنى بىخلىتىپ ۋە چېچەكلىتىپ، بالىنى ئادەم بولۇشنىڭ توغرا يولىغا باشلىيالىشى، بالىنى تەربىيەلەش جەريانىدا ھەرقاچان ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان ياشلىق، قىرانلىق ۋە قېرىلىقنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى زۆرۈر.

1) ھامىلە تەربىيەسى. بالىلار تەربىيەسىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا، بالىلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيەسى بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ھالدا پۈتۈنلەي ئانىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

ئانا بولغۇچى زېرەكلىك بىلەن بۇ تۇنجى ئۇستازلىقنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، بالىنى ساغلام ۋە ئىستىقباللىق ئادەم قىلىشتىن ئىبارەت ئالىي مەقسەتكە يېتىشتە، تەربىيەنى هامىلە ۋاقتىدىن باشلىشى، بالا كىچىك ۋاقتىتا تېخىمۇ سەل قارىماسلىقى مۇهىم. هامىلە تەربىيەسى ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىسى بولۇپ، بۇ پەرزەنتنىڭ كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىشىدە تولىمۇ مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا، ياش ئانا هامىلىدار بولغاندىن باشلاپلا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ روھىي هالىتىنى ئەركىن - ئازادە تۇتۇشى، يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلماسلىقى، ئاچچىقلانماسلىقى، قايغۇلۇق هالەتتە يۈرمەسلىكى، مۇمكىنقەدەر سىقىلماسلىقى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، هامىلىدارنىڭ ئېرى ۋە بىللە تۇرۇۋاتقان ئائىلە ئەزالىرى هامىلىدار ئايالنى خۇشال قىلىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان سۆز - هەرىكەتلەردە بولۇشى، غەمخورلۇق ۋە مېهرىبانلىقنى ئايىماسلىقى كېرەككى، ئازابلاشقا ئەسلا ئورۇن يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مىنۇتسېرى يېتىلىۋاتقان يۇمران بىر ۋۇجۇد بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. هامىلىدار ئايال ساپ هاۋالىق، مەنزىرىلىك، قۇياش نۇرى مۇۋاپىق بولغان كۆڭۈللۈك جايلاردا تۇرۇپ بەرسە، يەڭگىل، تەۋرىنىپ تۇرغان مۇزىكىلارنى ئاڭلىسا، مۇۋاپىق هەرىكەت قىلىپ بەرسە پايدىسى كۆپ. چۈنكى، بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قورساقتا يېتىلىدۇ، يۇقىرىقى ئامىل ۋە شارائىتلار بالىنىڭ كېيىنكى هايات پائالىيىتى ۋە تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بالىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش، هېچ بولمىسا تەجرىبىلىك ئاياللارنىڭ مەسلىهەتى بويىچە بېقىش، بالىنىڭ ئانا سۈتى بىلەن بېقىلىشىغا، ئىلمىي ئوزۇقلىنىشىغا، بوۋاقلىق تۇرمۇشىنىڭ تەرتىپلىك، پاكىز، ئىلمىي بولۇشىغا كۆپ

تەرەپتىن ئېتىبار قىلىش لازىم. ياش ئانىلار تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى، بالىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە خاراكتېر تەربىيەسى بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) تاماقتىن بۇرۇن قولنى يۇيۇش؛

(2) داستىخاندا دۇرۇس ئولتۇرۇش؛

(3) تاماق يەۋاتقاندا ئەدەپ ۋە تازىلىققا يات باشقا ھەرىكەتلەردە بولماسلىق؛

(4) ئەدەپسىزلىك ھالەتلەر، مەسىلەن، ئادەمگە قاراپ كېرىلىش، بۇرنىنى كوچىلاش، تاماقنى ئۆز تەرىپىدىن ئالماسلىق؛

(5) چوڭلارنىڭ قاچىلىرىغا قول سوزۇش؛

(6) قوشۇق ۋە چوكىنى ئوڭ قولدا تۇتۇش، تاماقنى ئوڭ قولدا يېيىش، قېرىنداش - قەلەمنى ھەم ئوڭ قولدا تۇتۇش؛

(7) كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلىك كىيىش؛

(8) نەرسە - كېرەكلىرىنى خالىغان جايغا قالايمىقان تاشلىماسلىق؛

(9) ئۇخلاش - تۇرۇش ئادەتلىرى قاتارلىقلار. بۇلار يۇقىرىقى بارلىق پائالىيەت جەريانىغا چېتىلىدۇ.

2) بالىلارنىڭ خاراكتېر ۋە مىجەز - خۇلق تەربىيەسى. بالا تەربىيەسىدە غەيرەت - شىجائەتلىك، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان، تىرىشچان، راست سۆزلۈك، ئوچۇق چىراي، خۇش پېئىل، مېھرىبان، ئەپۇچان قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىش زۆرۈر. ئۇنىڭدىن باشقا، باشقىلارنى، بولۇپمۇ ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە كۆيۈنىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، سەمىمىي، چىقىشقاق، ئاق كۆڭۈل بولسا تېخىمۇ ياخشى. بىغەرەز، بوشاڭ، تەلۋە مىجەز، تەرسا، ئۆكتەم، بەتقىلىق، بىھايا خاراكتېر - خۇلقلار بالىلارنىڭ

كەلگۈسى ئۇچۇن ئېغىر بەختسىزلىك بولۇپ، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەلۋەتتە ئاتا - ئانىدا، جۈملىدىن ئاساسلىقى ئانا زىممىسىدە بولىدۇ.

**ھېكايەت:**

بۇرۇنقى زاماندا ھال كۈنى خېلىلا ئوبدان بىر ئائىلە بار ئىكەن، بىراق پەرزەنتى يوق ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولىدىكەن. ئۇلار خۇدادىن پەرزەنت تىلەپتۇ. ئاللا ئۇلارغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىپتۇ، ئەر - خوتۇن تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ ۋە يۇرتقا نەزىر بېرىپتۇ.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ بالا ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئاتا تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەل بوپتۇ ۋە جان ئۈزۈش ئالدىدا خوتۇنى ۋە ئوغلىغا: «مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، ئوغلۇمنى قاتارغا قوشالمىدىم. خوتۇن، سەن ئۆيدە بارىنى سېتىپ بولسىمۇ، بالىنىڭ بويىنى قىسما. بالام، سەن ئاناڭنىڭ سۆزىدىن چىقما» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

ئايال ئېرىنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ: بالىسىنى ئارزۇلاپ، پەپىلەپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپتۇ. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇماس» دېگەندەك، ئۆيدە بارى ئانچە ئۇزاققا قالماي تۈگەپ، ئاخىر ئۆي بىساتلىرىنى سېتىپ، كۈنلەرنى غورىگىل ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. بالا 21 ياشقا كىرگەن يىلى قىشتا قاتتىق سوغۇق بوپتۇ. ئۆيدە ئوتۇن بولمىغاچقا، ئانا تالادىن تېرىپ كىرگەن چاۋاردا داڭقانغا ئوت قالاپ ئولتۇرسا، ئوغلى تالادىن بىر باش چامغۇرنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ئانا بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە نەدىن ئالغانلىقىنى سوراپتۇ. «چامغۇر سېتىۋاتقان دېھقاننىڭ تاغىرىدىن دوملاپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا تۇرغانىكەن، ئېپ كىردىم» دەپتۇ بالا. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ئانا ئوغلىنى

ئىلھاملانـدۇرۇپتۇ. بـالا بـارا ـ بـارا باشـقىلارنىڭ ئېتىزلـىرى ۋە تاغارلىرىدىن سەي ـ كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ئېلىپ كىرىۋېرىدىغان بوپتۇ ۋە بىر كـۈنى ئىككى دانە تۇخـۇم كۆتـۈرۈپ كىرىپتـۇ. ئانـا بۇنىمـۇ سـورىغانىكەن، قوشنىـسىنىڭ توخـۇ كاتىكىـدىن ئېلىـپ كىرگىنىنى ئېيتىپتۇ. ئانـا: «توخۇسىنى ئېلىـپلا كىرگىن، سېتىپ سـاڭا تۇمـاق ئېلىـپ بېرەي» دەپ بالىغـا مەدەت بېرىپتـۇ. بـالا ئانىسىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

بالا كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشـى ۋە يېشىنىڭ چوڭىيىـشىغا ئەگىـشىپ بارا ـ بارا باشقىلارنىڭ قـوي ـ كـالىلىرىنى تەمتىـرىمەي ئـوغرىلاپ بىـر تەرەپ قىلالايـدىغان بوپتـۇ ۋە خېلىلا پىـشقان، يـۈرىكى چـوڭ ئـوغرى بولـۇپ چىقىپتـۇ. ئانـا ۋە بـالا بـۇ يـول بىـلەن تۇرمۇشـىنى قامداپتۇ. يوقسۇل ئانا «بالام چوڭ بولۇۋالـسا ئانـدىن ئىـشلەپ پـۇل تاپىدۇ، شۇ چاغدا توغرا يولدا ماڭىدۇ» دەپ ئويلايدىكەن. بىـراق، يۈرىكى چوڭايغان بالا ئاخىر پادىشاھ ئوردىسىغا ئوغرىلىققا كىرىپتۇ ۋە ئـالتۇن ـ كۈمۈشـلەرنى قوينىغـا، خۇرجۇنلىرىغـا راسـا ئېلىـپ، تامـدىن ئارتىلـىپ چۈشـۈۋاتقاندا، ياسـاۋۇللار تەرىپىـدىن تۇتۇلـۇپ قاپتۇ. كىچىككىنە بىر ئۆسمۈر بالىنىـڭ بـۇنچە قـاپ يۈرەكلىكىـدىن قاتتىق غەزەپلەنـگەن پادىـشاھ پۈتكـۈل خـالايىقنى يىغىـپ، بـالىنى دارغا ئېسىپ ئىبرەت قىلماقچى بوپتۇ. جازا ئىجرا قىلىـنىش ئالدىـدا بالا قاتتىق يىغلاپ كېتىپتـۇ. پادىـشاھ سوراتقۇزغانىكەن، بـالا «بـۇ دۇنيادا بىرلا يالغۇز ئانام بار ئىدى، شاھ ئەمر قىلسا، ئانـامنى بىـر كۆرۈۋالـسام» دەپ ئۆتۈنۈپتـۇ. چاپـارمەنلەر تەرەپمۇتەرەپ چېپىـپ، ئـاخىر خـالايىق يىغىلغـان مەيـداننىڭ نېرىـسىدىكى ئېرىـق بويىـدا يىغلاپ ئولتۇرغان ئانىنى تېپىپ ئەكەپتۇ. ئانا ـ بـالا قۇچاقلىـشىپ يىغلىشىپتۇ ۋە بـالا ئانىـسىغا: «تىلىنـى شـورىۋېلىش» ئارزۇسـىنىڭ بـارلىقىنى ئېيتىپتـۇ. ئانـا تىلىنـى چىقارغـانىكەن، بـالا ئانىـسىنىڭ تىلىنـى چىـشلەپ ئۈزۈۋاپتـۇ. ھەيـران بولغـان پادىـشاھ بالىـدىن

سەۋەبىنى سورىغانىكەن، بالا بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈكىدىكى دېھقانىنىڭ بىر چامغۇرىنى ئوغرىلاپ ئەكىرگەندە ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇپ سۆيۈپ كەتكىنىدىن تاكى شاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ، «مەن كىچىك ئىدىم، قانداق قىلسام ياخشى، نېمە قىلسام يامانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتىم. ئەگەر ئانام مېنى دەسلەپتە ئاشۇ يامان يولدىن توسقان بولسا ۋە مېنى ‹توخۇسىنى ئەكىر، تۇماق ئېلىپ بېرىمەن› دېمىگەن بولسا، مەن بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە قالمايتتىم. شۇ سەۋەبتىن ئانامنىڭ تىلىنى چىشلىۋالدىم، ئەمدى جازاغا تەييارمەن» دەپتۇ.

مەسىلىنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھ ئوغۇلنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىپ، بالىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە قارىماي، ئانىنى دارغا ئېسىپتۇ (ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن «ئانا ۋە بالا»).

پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ۋە ئىبرەتلىرىنىڭ سەمەرىسى بولغان بۇ ھېكايەتتىكى ئانىنىڭ دارغا ئېسىلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بالىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى ۋە ئىقبالى ئېنىقلا ئانىلارغا ھاۋالە قىلىنىۋاتامدۇ؟ ھازىرقى رېئال ھاياتتىمۇ ئائىلىلەردە ئەگەر پەرزەنت توغرا قىلسا، ياخشى بولسا ياخشى، ئەگەر ئازراقلا خاتا بولسا ئۇنىڭ باش سەۋەبى ئانىدىن ئىزدەلمەمدۇ؟ دېمىسىمۇ، بالا قەلبى تېخى ھېچقانداق ئۇرۇق چېچىلمىغان بوز يەرگە، گويا ھېچقانداق خەت يېزىلمىغان ئاق قەغەزگە ئوخشاش بولۇپ، قانداق ئۇرۇق چېچىلسا شۇنداق ھوسۇل بېرىدۇ. قانداق خەت يېزىلسا شۇنداق ئوقۇلىدۇ، ئېتىبارسىز قالدۇرۇلسا، گۈزەل تەربىيەلەر بېرىلمىسە تەبىئىي ھالدا ھالاك بولىدۇ. بۇنىڭ گۇناھى ئىگە ـ چاقىسىغا بولىدۇ.

### 3. ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسى.

باللارغا سەھەر تۇرۇش، شەخسىي ۋە ئاممىۋى تازىلىققا رىئايە

قىلىش، شەخسىي ۋە كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلۈك، ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش، باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆرۈپ ـ ئادىتىمىز بويىچە سالام بېرىش، سۆزلەرنى ئەدەپ بىلەن سۆزلەش، سۆھبەت ـ مەجلىسلەرنىڭ ئەدەپلىرىنى جايىدا بەجا كەلتۈرۈش، باشقىلار سۆزلەۋاتقاندا گەپ ئارىلىماسلىق، چېقىمچىلىق، پوچىلىق، كۆرەڭلىك، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق؛ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ۋە ئۆيدە ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ھەدىلىرىنىڭ خانىلىرىغا كىرىش توغرا كەلسە، ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىپ، ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن كىرىش؛ تۇرمۇشتا پىلانلىق بولۇش، ۋاقىت قارىشىغا ئىگە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزچىل، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگىتىش مۇھىم.

ئەلۋەتتە، باللار تەربىيەسى بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن باسقۇچلۇق بولىدۇ ۋە ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدا پەرقلىق بولىدۇ، يەنى بوۋاقلىق، گۆدەكلىك، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدىكى تەربىيەلەر زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. تەربىيە مەزمۇنى پەرقلىنىپلا قالماستىن، تەربىيە ئۇسۇلىدىمۇ پەرق بولىدۇ.

1) بالىنىڭ يېشىغا، خاراكتېرىگە ۋە تەربىيەگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە ئاساسەن، ماس ھالدا تەربىيە يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

2) بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئادەت ۋە خاراكتېر تەربىيەسىگە بەكرەك دىققەت قىلىش مۇھىم. چۈنكى، «بېسىلغان قەدەم ئادەتكە، ئادەت خاراكتېرگە، خاراكتېر قىسمەتكە ئايلىنىدۇ.»

3) پەرزەنت تەربىيەسىدە بالىلارنىڭ جىنس پەرقىگە ئاساسەن تەربىيە پەرقلىق بولىدۇ. سەگەك ئانىلار بۇ نۇقتىنى ئېسىدە ھەرقاچان چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىر گەپ ـ سۆزى ۋە

ئەمەللىرىدە دىققەت قىلىشى كېرەك، يەنى قىزلارنى ئاساسەن مېھرىبان، سىلىق - سىپايە، چېۋەر، پاكىز، رەتلىك، ئەپۇچان، تىرىشچان، خۇش تەبىئەتلىك بولۇشقا يېتەكلىشى؛ ئوغۇللارنى يۇقىرىقى بىلەن ئورتاق بولغان بەزى تەرەپلەردىن باشقا يەنە جىگەرلىك، ئىرادىلىك، باتۇر، شىجائەتلىك، پەم - پاراسەتلىك، غۇرۇرلۇق قىلىپ تەربىيەلىشى كېرەك. ئانىلار ئۇلاردىن باشقا يەنە بەدەننى كېسەللىك ئازابلىرىدىن ساقلاشنى، خەتنى چىرايلىق يېزىشنى، سۇ ئۈزۈشنى، مۇمكىن بولسا ئات مىنىش، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش؛ ئەمگەكچان، كەمتەر، پىداكار بولۇش، ۋەتەن، مىللەتنى سۆيۈش، ۋەتەنگە، مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش قاتارلىق زۆرۈرىي بىلىم، ئادەت ۋە پەزىلەتلەرنى ئۆز تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلمىقى زۆرۈر.

يۇقىرىقىدەك نازۇك تەربىيە مەقسىتىگە يېتىشتە ئانىلار تەلىم بېرىش، ئۈلگە ۋە تەسىر كۆرسىتىش، ئەمەلدە كۆرسىتىش قاتارلىق شەكىللەردىن باشقا، بالىغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئەگەر شارائىتى بار بولسا، تاللاپ ئوقىتىلىق كىتاب، ئەسەرلەرنى، مەسىلەن، باللار چۆچەكلىرى، ھېكايىلىرىنى، كىلاسسىك - لىرىمىزدىن تەۋەررۈك قالغان ۋە زامانىمىز قەلەم ساھىبلىرى يازغان ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدىكى دىداكتىك ئەسەرلەرنى ئۆزى ئوقۇپ بېرىشى ياكى بالىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، تەسىراتىنى سۆزلەپ بېقىشقا يېتەكلىشىنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئانىلار ئۆمۈرلۈك پىداكارلىقلىرى بىلەن پەرزەنتلەرنى ھاياتلىق مەنزىللىرىگە يېتەكلىگۈچىلەردۇر ۋە شۇ بەدەللىرى ئۈچۈن تىللاردا داستان، قەلبلەر تۆرىدە مېھماندۇر. ئانىلارنىڭ ئانىلىق مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچلىرى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ. ئۇلاردا قىزدا قىزلىق پاراسىتى ۋە لاتاپىتى، ئوغۇلدا ئوغۇللۇق شىجائىتى ۋە جاسارىتى يېتىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ تاكى ئۇلار ئۆيلۈك - ئوچاقلىق

بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئالغىنىغا قەدەر، ھەتتا ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەبىئىي ۋە پاراستىگە يارىشا ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىشى ۋە تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرمىكى زۆرۈردۇر.

## 2. ئوغلىنى ئۆيلەش ئالدىدا تۇرغان ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى

پەرزەنتنى ياخشى، تەبىئەتلىك، تەربىيە كۆرگەن، ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە ئائىلىدىن ئۆيلەش ۋەياكى شۇنداق ئائىلىگە ياتلىق قىلىش ھەربىر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئارزۇسى، ئائىلە شۇ بىر جۈپ باشنىڭ ھايات بولىدىكى ئۆمۈرلۈك مەنزىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپمۇ ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى بەكمۇ ئېغىر، ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا جورا تاللاش، ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوغلىغا زوقلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قىزلارنى قانداق تاللاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىدۇ ۋە قىلغان ئىشلىرىنى ئەستايىدىل سۈرۈشتۈرىدۇ. مەسىلەن:

1) بولغۇسى قىز ئەخلاق ـ ئەدەپلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ؟
2) پاك نەسەبلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ؟
3) جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق ئەھۋالى قانداق؟
4) تۇرمۇش دىتى، ئەقىللىك، مۇكەممەللىكى قانچىلىك؟
5) قىزغا خاس شەرم ـ ھايا ۋە نازاكىتى قانداق؟

بۇ مەزگىلدە ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوغۇلمۇ خىلمۇ پىششىپ يېتىلگەن، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكەن بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئوغلىنىڭ قانداق ئايال بىلەن ياشىشى، ھەتتا ئۆز نەسەبىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە دەرد ـ ھەسرىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغان، ھايات دولقۇنلىرىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ پىششىپ يېتىلگەن ئانىلار قىز تەرەپنىڭ مال ـ دۇنياسىنى، مەرتىۋىسىنى،

قىزنىڭ چىراي - قىياپىتى ۋە خىزمەت ئورنى قاتارلىق ئۆتكۈنچى ئامىللارنى ئەمەس، بەلكى بولغۇسى كېلىنىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن زۆرۈر شەرتلىرى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ھەم يەنە ئوغلىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتمەسلىكى، ئوغلى ئۆيلەنگەندىن كېيىن بولسا، داۋاملىق ھايا ۋە ۋاپادارلىقنى، كۆيۈمچانلىق، ئائىلە مەسئۇلىيىتى قاتارلىق زۆرۈر ئامىللارنى ئەسلىتىپ ۋە ئەسكەرتىپ تۇرۇشى زۆرۈر.

### 3. قىزنى ياتلىق قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

بۇ ھەرقانداق بىر ئانىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، تەمتىرىتىپ، جىددىيلەشتۈرىدىغان، ھاياتىكى چوڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى. چۈنكى، قىزنى ياتلىق قىلىۋاتقان ئانا ئىززەت - ئىكرام بىلەن ياتلىق قىلغان قىزىنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەدەپ - دىيانىتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، ئەمەلدە ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ياخشى نامى ئەل ئارىسىغا تارىشىمۇ، يامان نامى ئېغىزغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. قىزى بەختلىك تۇرمۇشقا مۇيەسسەر بولۇشىمۇ ۋەياكى ئاچچىق يۇتۇشىمۇ، كۈتۈلمىگەن زەربىلەرگە دۇچ كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ئىچىدە تارالغان خۇددى «يىغلاپ تۇرۇپ ئېرىق چاپساڭ، ئويناپ - كۈلۈپ سۇ تۇتىسەن» دېگەن ھېكمەتكە ئوخشاش، ئالدى بىلەن بىر ئائىلىنى بىنا قىلغۇچى، باش رولچى بولغۇسى قىزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەربىيەسىنى كىچىكىدىن باشلاپ سىستېمىلىق تۇتۇش، ھەرقانداق يامان ئادەت - خۇلقلىرى بولسا كەسكىن ھالدا تۈزەش، بۇنىڭغا ئاتا - ئانا تەڭ كۈچەش، تەربىيەلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ياتلىق قىلىش ئالدىدا يات ئائىلىگە ئۇزىتىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان قىزىغا

زوروُر نەسهەت ۋە ئەدەپلەرنى ئۆگىتىش ئانا بولغۇچىنىڭ مۇھىم بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى.

پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىزدا هايات ئەمەلىيىتىنىڭ هارارەتلىك پىچلىرىدا تاۋلىنىغان ۋە يەنە ئەسىرلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھېكمەتلەر نۇرغۇن بولۇپ، هاياتىمىزغا ھېلىمۇ شۇلا بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، «قىزنى بۇزغان ئانىسى، چاقنى بۇزغان شانىسى»، «ئانا كۆر قىز ئال، قىرغاق كۆر بۆز ئال»، «ئالا ئېنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق»...... دېگەندەك. مانا بۇلارمۇ ئانىلارغا، بولۇپمۇ قىز پەرزەنتكە تەربىيە قىلىدىغان ئانىلارغا بولغان نازۇك ۋە كەسكىن تەلەپنىڭ ئوبرازلاشقان ئىپادىسى بولۇپ، ئانىلارنى سەگىتىدۇ.

## قىزلىق ئەدەپلىرى

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا بىز ئانىلار مەسئۇلىيىتى ۋە ئەدەپلىرى تېمىسى ئاستىدا بىرنەچچە كىچىك ماۋزۇلار ئاساسىدا ئانىلار ئەدەپلىرى ھەققىدە توختالدۇق. ئۇنداقتا، قىزلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەر قايسىلار؟

ئېنىقكى، قىزلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەر ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپلا باشلىنىدۇ، يەنى مەسئۇلىيەتچان ئاتا - ئانىلار قىز بالىنىڭ ئالدى بىلەن يات ئائىلىگە كېلىن بولۇپ بارىدىغانلىقىنى ۋە كېيىنچە بىر ئائىلىنى بىنا قىلغۇچى، پەرزەنت تەربىيەلىگۈچى بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقاچان ئۇنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلىرى، تەربىيەسى ۋە مۇكەممەللىكىگە قاتتىقراق تەلەپ قويىدۇ. بۇ تارىختىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلگەن. دەۋرىمىزدە بۇ تەلەپنىڭ تېخىمۇ جىددىي ۋە كەسكىن بولۇۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان. چۈنكى، نۆۋەتتە كىتاب

ئوقۇيدىغان، ئادەمدەك ياشايدىغان، تەپەككۇرى نورمال ھەربىر ئادەم ئۆچۈن ئايانكى، خوتۇن - قىزلار ئەخلاق - ئەدەپلىرى مەسىلىسى نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي، ئەڭ كەسكىن ۋە ئەڭ كۆپ تەكىتلىنىۋاتقان، پروتوكول جەمئىيەتنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئالاھىدە ھالقىلىق تېما بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەيلى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى قىزلار بولسۇن، خىزمەت قىلىۋاتقان، خىزمەت كۈتۈۋاتقان، ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىۋاتقان ياكى ئائىلىدىكى قىزلار بولسۇن، ھەممىسىلا ئەستايىدىل ئويلاپ بېقىشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەقەللىي تەلەپ. قىزلار يۇقىرىدا ئانىلار ئەدەپلىرى دائىرىسىدە بايان قىلىنغان مېھرىبان، سىلىق - سىپايە، چېۋەر، پاكىز، رەتلىك، تىرىشچان، ئەپۇچان، مۇلايىم، تەمكىن، قانائەتچان، ئاددىي - ساددا، تېجەشلىك، ئىلىمخۇمار، خۇشخۇي ۋە خۇش پېئىل بولۇشتىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە ئۆزىگە ئالاھىدە تەلەپ قويغىنى ياخشى. مەسىلەن:

1) ئورنىدىن سەھەر تۇرۇش، قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا تېخىچە كېچىلىك ئۇيقۇ ھالىتىدە ياتماسلىق، ئەگەر دەم ئېلىش ياكى سالامەتلىكى تۇپەيلىدىن ئارام ئېلىش زۆرۈر بولسا تازىلىنىپ، رەتلىنىپ، كۆندۈزلۈك ھالەتتە جاي راسلاپ قايتا ياتقىنى مۇۋاپىق؛

2) داستىخاندا ئولتۇرغاندا ئەدەپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، تاماقنى ۋە چاي قاتارلىق ئىچىملىكلەرنى ئاۋاز چىقارماي يېيىش ۋە ئىچىش. چىش كوچىلاشقا توغرا كەلسە، بىر قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ كوچىلاش؛ كېكىرىش، ئەسنەش - كېرىلىش ۋە چۈشكۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئاغزىنى داستىخاندىن باشقا تەرەپكە قاراش ۋە ئاغزىنى بىر قولى بىلەن دالدا قىلىش؛

3) ئولتۇرۇش ھالىتى مەسىلىسىدە، ئەگەر داستىخاندا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھالەتتە كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسا،

سىڭا تىز ھالەتتە ئولتۇرغىنى مۇۋاپىق. مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قالغان، پۇتۇمنى يىغىپ ئولتۇرالمايتتىم، دەپ ئۆرە تۇرۇۋېلىش، ئۆي ئىگىسىگە ئورۇندۇق بېرىش تەلىپى قويۇش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ (ناۋادا پۇتى ئاغرىق بولۇپ، ھەقىقەتەن ئۆزرىلىك بولسا بۇ باشقا گەپ). ئەگەر شىرەنى چۆرىدەپ ياكى كاڭنىڭ لېۋىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان بولسا، پۇتىنى مىڭگەشتۈرۈپ ئولتۇرماسلىق؛

4) مەن مەكتەپتە ئوقۇمىغان ياكى ئۆگەنمىگەن، ئانام ئۆگەتمىگەن...... دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن تاماق ئېتىش، ھەر خىل قورۇمىلارنى تەييارلاش، كىيىملەرنى دەزماللاش، ئۆيلەرنى رەتلەش ۋە تازىلاش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىشلاردا خام بولماسلىق؛

5) گىرىمنى قېنىق قىلماسلىق، ئەگەر گىرىم قىلىش زۆرۈر بولسا، قىز بالىغا لايىق، سىڭىشلىك، يارىشىملىق، تەبىئىي بولۇش؛

6) كىيىنىشتە زامانىۋىلىشىش بىلەن مىللىيلىق ۋە خاسلىقنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش، زۆرۈر ئەنئەنىلەرگە دىققەت قىلىش، بەك تار، بەك قىسقا، بىھايا ۋە غەلىتە كىيىملەرنى «مودا» دەپ قوغلىشىپ، ئۆز ئوبرازىغا ۋە مىللىي خاسلىققا نۇقسان يەتكۈزمەسلىك؛

7) تىرنىقىنى ئۆستۈرۈۋالماسلىق ياكى پۈتۈنلەي ئوغۇل بالا سىياقىدا ياسىنىۋالماسلىق؛

8) تاماقنى ئوڭ قولىدا يېيىش، خەتنى ئوڭ قولىدا يېزىش.

يۇقىرىقىلار ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزلارنىڭ پائالىيەت ۋە گەپ - سۆزىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ئانىلار دائىم ئۆگىتىپ، ئېسىدە ساقلاشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەر جۈملىسىدىن. قىزلار بولۇپمۇ رەسىدە بولغان قىزلار تاشقى جەھەتتىكى ئەخلاقىي

قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى جەھەتتىن چوقۇم ئىگىلەشكە تېگىشلىك بولغان زۆرۈر ئەخلاقىي بىلىملەرنىمۇ ئىگىلەش ۋە تولۇق ئەمەل قىلىش لازىم. بۇلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

1) پىسخىك ساپانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۆرپ - ئادەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش، «قىز»نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق؛

2) ئۇياتنى، هايا قىلىشنى بىلىش. ئەرلەر، ئوغۇللار بار سورۇنلاردا، ئائىلىلى خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئالاقىلەردە؛ سەپەر، سەيلە - ساياھەت ۋە مەجلىسلەردە، توي - تۆكۈن، چاي، مەشرەپلەردە بىهايالارچە كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرماسلىق، جىلۋە قىلىپ كۈلمەسلىك، توپلىشىپ چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماسلىق؛

3) ئۇچىنچى شەخس بولۇپ قىسىلىپ كىرىشتىن هەزەر ئەيلەش، ئۆزىنىڭ بەختى ۋە بىر ئائىلىنىڭ بەختىنى دوغا تىكمەسلىك؛

4) بىشەم، يولسىز، جېدەلخور بولماسلىق؛ مەدەنىيەتسىز، ئەدەپسىز، قوپال، بىهايا سۆزلەرنى قىلماسلىق؛

5) مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئېتىقادسىزلىق، هورۇنلۇق، نەيرەڭۋازلىق، يالغانچىلىق قاتارلىق پەزىلەتسىز قىلمىشلاردىن يىراق بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش؛

6) قەدىر - قىممەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش، ئار - نومۇس، هالاللىق، ۋىجدان، ئادىمىيلىك ۋە غايىگە ئىگە بولۇش؛

7) قىزلارغا خاس غۇرۇرلۇق، ئىپپەتلىك ۋە پاك بولۇش هەمدە ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي پاكلىقىنى ئۆز هاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەشنى هەمدە قىممەتلىك بويۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسراشنى

بىلىش؛

8) ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە، ھەربىر قەدىمىدە ئاتا - ئانىسىغا ۋە جەمئىيەتكە يۈز كېلەلەمدىمەن - يوق، مېنىڭ قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىشىمنى ئاتا - ئانام كۆرسە خۇشال بولامدۇ - يوق، دېگەننى يادىدىن چىقارماسلىق ھەمدە ئۈز - ئۆزىگە يۈز كېلەلەيدىغان بولۇش؛

10) غايىلىك، ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار بولۇش؛

11) خۇيلۇق، جاھىل، ئاچچىقى يامان ۋە سوغۇق چىراي بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەش؛

يۇقىرىقىلار قىزلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن چوقۇم ئەمەل قىلىش، ئەستە دائىم ساقلاش جەھەتتىكى ئەدەپ - ئەخلاق مەزمۇنلىرى بولۇپ، بۇلار ئىچىدە بىرسى كەم بولسا «قىز»لىق نامىنىڭ مەلۇم يېرىگە نۇقسان يېتىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ شەكىللىنەمەي قالمايدۇ.

## قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەدەپلەر

### 1. قېيىنئانا ئەدەپلىرى

پۈتكۈل ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە، جۈملىدىن ئائىلىلار ساھەسىدە قېيىنئانا بىلەن كېلىن مەسىلىسى ئىنتايىن نازۇك، رېئال مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئېنىقكى، ئەر بىلەن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى نىكاھقا ئاساسلىنىدۇ. بۇ بۇيرۇق ئائىلىنىڭ تەرتىپى، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى ۋە ساغلام جەمئىيەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار بالاغەتكە يېتىپ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە، بىراۋنىڭ قىزى بىراۋلارنىڭ ئوغلىغا ياتلىق - نىكاھلىق بولۇپ تۇرىدۇ. پۈتكۈل ھاياتلىق زەنجىرى مانا شۇنداق داۋام ئەتكەن.

قېيىنئانا بولۇش ئۆز ئۇقۇمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك ھەقىقەتەن قىيىن بىر ئىش ھەمدە قېيىنئانىسىنىڭ كۈتكىنىدىن چىقىش كېلىنگىمۇ قىيىن ئىش. بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا ھازىرمۇ كەڭ يېزا - سەھرالار، كوچا - مەھەللىلىرىمىزدە مۇكەممەل داۋام ئېتىۋاتقان قېيىنئاتا - قېيىنئانا، ئوغۇل - كېلىن، نەۋرىلەر بىر ئائىلىدە خېلى ئۇزاققىچە بىللە تۇرۇش كۆپ كۆرۈلىدىغان ئوبيېكتىپ ئەھۋال. لېكىن، مۇشۇنداق ئائىلىلەردىكى رېئال ھاياتقا قارايدىغان بولساق، قانچىلىغان تەربىيەلىك، پەزىلەتلىك قېيىنئانا - كېلىنلەرنىڭ گويا ئۆز ئانا - بالىدەك ئېجىل - ئىناق ئۆتۈپ، ئائىلە شادلىقى ۋە ھايات لەززىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، قېيىنئاتا - ئوغۇللارنى خاتىرجەم قىلىپ، كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۈرگەنلىكىنى؛ يەنە قانچىلىغان قېيىنئانا ۋە كېلىنلەرنىڭ ئۆز سۆز - پېئىللىرى ۋە خۇي - پەيلى سەۋەبىدىن كۆڭۈللەرنى بىسەرەمجان، يىگىتلەرنى غەمناك، باللارنى مىسكىن ۋە يېتىم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز ھەم ئاڭلاۋاتىمىز.

دەرۋەقە، قېيىنئانىلار كۆپنى كۆرگەن، ھايات، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى مول ھەمدە پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرگەن ئانا بولغانلىقتىن، ئۆي تۇتۇشنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاق - يوسۇنلارنى ئۆز ئىزىنى داۋام ئەتكۈچى ۋە چىرىغىنى ياندۇرغۇچى كېلىنلىرىگە ئۆگىتىش ئىستىكىدە بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ قېيىنئانا بولغۇچىلار ئۈچۈنمۇ بۇرچ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مەسىلە قېيىنئانا بىلەن كېلىندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيىتى، بىر - بىرىنى ياقتۇرىدىغان - ياقتۇرمايدىغان تەرەپلىرى، تۇرمۇش - ئىززىلىنىش ئادەتلىرى، تۇرمۇش تەلەپلىرى، ئەخلاق - ئەدەپ چۈشەنچىلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاراشلىرى قاتارلىق

ناھايىتى كۆپ ئامىللارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىدىن پۈتۈنلەي رازى بولمىقى تەس. يۇقىرىقىدەك زىددىيەتلىشىپ، نارازى بولۇپ قېلىش، كېلىشەلمەسلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈنلەي قېيىنئانىدىن كۆرۈش ياكى ئەيىبنى پۈتۈنلەي كېلىننىڭ يارامسىزلىقىدىن ئىزدەش — ئەمەلىيەتتە توغرا ئەمەس. بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئېپى قېيىنئانا ۋە كېلىن ھەر ئىككىيلەننىڭ ئىنساب - پەزىلىتى ۋە ئۆزىنى بىلىشىگە باغلىق. ئىنسابنىڭ مەنىسى «ئۆزگىگە راۋا كۆرگەننى، ئۆزۈڭگىمۇ راۋا كۆرگىن» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدا ئالدى بىلەن تەلەپنى قېيىنئانىلارغا قويماق زۆرۈركى، ئۇلارمۇ ئانىلىق بۇرچ بىلەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردىن ئۆزىگە تەلەپ قويمىقى زۆرۈر:

1) ئالدى بىلەن ئانىلىق سۈپىتىدە كېلىن بالىغا ئىجابىي تەسىر بېرىش لازىم. تەمكىن، ئىنسابلىق، لەۋزى ھالال ۋە ياخشى پىكىرلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئىنساب بولغاندىلا قېيىنئانا ئۆزىنىڭ كېلىن بولغان ياش چاغلىرىنى ئېسىدە تۇتىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك قىزلىرىنىڭ بىراۋلارغا كېلىن ئىكەنلىكىنى ياكى كېلىن بولىدىغانلىقىنى؛ قىزىنىڭ يات قۇدا كىشىلەر ئارىسىدا ئىززەتلىك ۋە بەختلىك بولسا نەقەدەر شادلىنىپ، سۆيۈنۈپ، قۇدىلىرى ۋە كۈيئوغلىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى؛ ئەگەر قىزىغا ئورۇنسىز ئازار يەتسە، جەبىر - جاپا تارتسا، خورلانسا، ئۇۋال قىلىنسا قان - ياشلىرىنى تۆكۈپ قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ ھەمدە «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە سال» دېگەن ھېكمەتنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

2) ئۆز سۈپەتلىرى بىلەن كېلىننىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇلىرىنى ئويغىتالىغان بولۇشى لازىم. قېيىنئانا ئانىلىق سۈپىتى بىلەن كېلىنىگىمۇ ئانىسى، ئۇ ئۆزىدىكى ياخشى پەزىلەت ۋە

ئىسىل خىسلەت بىلەن كېلىن بولغۇچىغا ھەممە تەرەپتىن ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىمكى، كېلىننى يات كىشى ھېسابلاپ، ئۇنى پۈلغا سېتىۋالغان مالاي كۆرۈپ، ئۆزى «غوجايىن» لىق كۆرسىدا ئولتۇرۇۋالسا، ئانىلىق سۈپىتى بىردەمدىلا «غوجايىن» لىق سۈپەتكە ئورۇن بوشاتسا، مۇقەررەركى ئانىلىق پەزىلەت يوقىلىپ، ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىگە ئاسانلا دەز كېتىدۇ. شۇڭا، قېيىنئانا ئالدى بىلەن ئۆز ئىززىتىنى ساقلىشى، ئۆز سۈپىتى بىلەن كېلىننى قىزى سۈپىتىدە تونۇشى. باشقا قان، باشقا نەسەب، باشقا خىل مۇھىتتىن باشقا بىر ئائىلىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ، چېچەك ئېچىپ مېۋە بېرىشكە تەمشىلىۋاتقان ھەمدە ئەتراپىدىكى جىمىكى نەرسىلەرگە تېخى ئېھتىيات بىلەن قاراۋاتقان ياش كېلىنگە ئالدى بىلەن ئۆز تەلەپلىرىنى زېرىكمەي ئۆگىتىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى، ئاندىن كېلىننى ياخشى كۆتۈشى ۋە سەۋرلىك بولۇشى لازىم. ئەگەر يىللار ئۆتۈپمۇ كېلىن يەنىلا دېگەن يېرىدىن چىقالمىسا، ئەگەر قېيىنئانىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا بولسا، كايىشقا، ئەيىبلەشكە بولىدۇ. مانا بۇ ياش كېلىننى سەگىتىپ چۆچۈتۈش رولىنى ئوينايدۇ.

4) قېيىنئانا ھەر ۋاقىت سالماق پىكىرلىك، مەسئۇلىيەتچان ھەمدە كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئەپۇچان بولۇشى لازىم. كۈتۈشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى كۈتتۈرۈشنى بىلىشى لازىم. رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن شۇنداق قېيىنئانىلارمۇ باركى، ھەممىلا ئىشتا ئانا ئىكەنلىكىنى پەش قىلىدۇ. مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق كۆرسەتمەيدۇ. كېلىننىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ، كېلىنىدىن زىنھار رازى بولمايدۇ ھەمدە كېلىننىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاز كۆرىدۇ ياكى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئەكسىچە كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكنى كۆپ كۆرىدۇ. كېلىننى ئۆز قولۇم بىلەن ئائىلەمگە تىككەن كۆچىتىم، ئوغلۇمنىڭ ھالال جۈپتى، ئوماق نەۋرىلىرىمنىڭ (بولغۇسى)

ئانىسى، ئوغلۇم شىكەستە، بوۋىيىم خىجالەت، نەۋرىلىرىم تىرىك يېتىم بولمىسۇن، دەپ ئەستايىدىللىراق ئويلىمايدۇ ياكى يەڭگىلىلىك قىلىپ، كىچىككىنە ئىشنى چوڭايتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر، بەختسىزلىكلەر، ھەتتا كۆتۈلمىگەن پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ. بىز ئەقىل كۆزىمىز بىلەن جەمئىيەتتىكى ئۈسمۈرلەر ئارىسىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر، ئۈسمۈر جىنايەتچىلەرنى تەربىيەلەش ئورۇنلىرى قاتارلىقلارغا، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ خار - زەبۇن ۋە سارغىيىپ قەدىرسىز ياشاۋاتقان باللار - ئۈسمۈرلەرگە، ئوقۇشسىز قېلىۋاتقانلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىكى، كۆڭۈلسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئارىدا تەمتىرەپ قالغان ياكى چوڭلارنىڭ ئالدىغا سۆرۈلۈپ، بىردىنبىر ھىماتچىلىرى بولغان چوڭ ئاتا - چوڭ ئانىلىرى قازا قىلغانلىقتىن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن مېھرىبانلىقا ئېرىشەلمىگەن باللار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇلار ھەققىدە ئويلاش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىيدۇ. بۇلار ھەققىدە ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئويلاش بارلىق ياش ئاتا - ئانىلارنى، بارلىق مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرنى، جۈملىدىن قېيىنئانىلارنى چوڭقۇر سەگىتىدۇ ھەمدە چۆچۈتىدۇ.

5) قېيىنئانىلار تەدبىرلىك بولۇشى، يوقىلاڭ گەپ - سۆزلەرنى ياكى ئۆزى چىرايلىق تەربىيە بىلەن ھەل قىلىدىغان كىچىك مەسىلىلەرنى ھەدېسە ئوغلىغا ئىنكاس قىلىپ، ئىشنى چوڭايتىۋېتىشتىن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزى بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىغا تىكەن تېرىشتىن ئېھتىيات قىلمىقى زۆرۈردۇر.

خۇلاسە شۇكى، قېيىنئانا بولۇشقىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تۇرمۇش بىلىمى، چېۋەرلىك ۋە پەزىلەت كېرەك. مېنىڭ ھۆرمەتلىك قېيىنئانام بۇۋى پاتىمە ئەنە شۇنداق كەڭ قورساق، پەزىلەتلىك، ياخشى سۈپەتلىرى كۆپ ئايال ئىدى. مانا شۇنداق كەڭ قورساق ۋە

پەزىلەتلىك قېيىنئانىلار ئەل - جامائەت، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە كېلىن- نەۋرىلەر تىلىدا ھەم دىلىدا سىغىنىش بىلەن يادلىنىدۇ ۋە زىكرى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھاياتلىقىدا خۇي پېئىللىرى ياخشى بولمىسا، پەقەت ئانا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئوغۇل ۋە باشقىلار سۈكۈت قىلسىمۇ، ئەمما دىلىدا نارازى بولىدۇ، ھۆرمەتلىمەيدۇ، ئاغرىنىدۇ، كېيىن مۇھەببەت بىلەن ئەسلىمەيدۇ.

## 2. كېلىن ئەدەپلىرى

قېيىنئانىنىڭ كېلىنگە قارىتا تەلەپ ۋە مەسئۇلىيەتلىرى، ئەدەپلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، كېلىنلەرنىڭمۇ ئۆز قېيىنئانىلىرى ئالدىدا مەجبۇرىيەتلىرى ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلىرى بار. ھەقىقەتەن كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئادەملەر ئۆزئارا دوست - دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىدە بولمىسلا ۋە يىرىكلىشىپ قالمىغان بولسىلا، ئەدەپلىك ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشىدۇ. بۇ ئەقەللىي بىر ئەدەپ. ئۇنداقتا ئاتا - ئانىسى، دوستلىرى، تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنا، يېقىن - يورۇقلىرى تېخىمۇ شۇنداق. بىر ياش كېلىن ئۈچۈن بۇلارنى بىلىش، ئۆز ئېرىنى ھۆرمەتلەش ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم. ئۇنداقتا، ئېرىنىڭ يېقىنلىرىنىچۇ؟ بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

ئىمام غەززالىي ھەزرەتلىرى بىر قىسسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئايال قاچان ئېرى ياكى ئېرىنىڭ يېقىنلىرىغا يامان مۇئامىلىدە بولسا، ئۇلارنى ھاقارەت قىلسا، گۇناھكار بولىدۇ» دېگەن.

ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق زۆرۈركى، ئاتا - ئانا ھەققىنى ھېچقانداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئانىنىڭ ئەجرىنى تېخىمۇ شۇنداق. ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن مېھرى قانداق چوڭقۇر بولسا، ئەجرىمۇ شۇنداق ھېسابسىزدۇر. شۇڭلاشقا، كېلىن ئالدى بىلەن ئانىنى ھۆرمەتلەش نۇقتىسىدىن؛ ئىككىنچىدىن، ئېرىگە

بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتى، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى نۇقتىسىدىن؛ ئۈچىنچىدىن، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ نۇقتىدىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى زۆرۈردۇر.

ئەقەللىي ئەدەپ نۇقتىسىدىنمۇ، قېيىنئانىسىنى ھۆرمەتلەشنى ۋە ئىززەت - ئىكرام قىلىشنى بۇرچ دەپ بىلمىكى زۆرۈر. چۈنكى، ئىززەت - ھۆرمەت ئاتا ۋە ئانىنى، شۇنىڭدەك باللارنىمۇ قوغداپ تۇرغۇچى پاسسىباندۇر. ئۇ ئاتا - ئانىنى كۆلپەت ۋە غەمدىن، باللارنى بولسا، ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ھاياتلىق قانۇنىيىتى بويىچە بۈگۈنكى كېلىن — ئەتىكى قېيىنئانا، شۇڭا ئۇ كېيىن كېلىنى تەرىپىدىن قانداق مۇئامىلىگە ئېرىششنى كۈتسە، ئالدى بىلەن ئۆزى قېيىنئانىسىغا شۇنداق مۇئامىلىدە ھەم شۇنداق پوزىتسىيەدە بولمىقى لازىم.

**ھېكايەت:**

دادا ئۇزاق مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ ھال بالىغا ئېغىر كەپتۇ. بالا دادىنى ھاپاش قىلىپ، كۆزدىن يوقاتماقنى نىيەت قىلىپ دەريا بويىغا كەپتۇ. سەزگۈر دادا بالىنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قاپتۇ ۋە ئوغلىغا دەپتۇ: «بالام، مەن دادامنى ئاۋۇ چوڭقۇرراق جايغا تاشلىغانىدىم، سەنمۇ مېنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتكىن» دەپتۇ. ئوغۇل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قاپتۇ ۋە دادىسىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، دادا تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ.

دەرۋەقە، رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئەرلەرنىڭ بېشىنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان، تەمتىرىتىدىغان ۋە تەڭقىسلىقتا قالدۇرىدىغان مەسىلە قېيىنئانا بىلەن كېلىن مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۆزى جېنىدىن ئەتىۋارلاپ، مىڭ پاتمان ئۈمىدلەر بىلەن چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئانا - بالىلىق مۇھەببىتىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە

تەبىئىي ھالدىكى قىياسلىق بولۇپ، كۆپ ئانىلار بۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىسىمۇ، ئەمما بەزى ئاز ساندىكى ئانىلار ئۇنداق قىلالماي چاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە كېلىنىدىن دائىم قۇسۇر ئىزدەپ، بۇ بىر جۇپ ياشنى ئۇچۇقلاپ تۇرىدۇ. ئوغۇل بىلەن ئانىسىنىڭ بەك يېقىنلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرغان ياش كېلىنمۇ، ئېرىگە بولغان مۇھەببىتى تۇپەيلى ئانا - بالىنىڭ يېقىنلىقىغا نىسبەتەن بەزى ھاللاردا كۆڭلىدە ئارلىق قىلىدۇ - دە، ئېرىگە گەپ ئەگىتىدۇ، كوتۇلداپ قويىدۇ ياكى مېنىڭ غەيۋەتىمنى قىلىۋاتامدىكىن دەپ گۇمانلىنىپ، چاندۇرۇپ قويىدۇ. مانا بۇ ھاللار قېيىنئانا - كېلىن مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. كېلىنلەر تېخى ياش، پىشىپ يېتىلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يات ئائىلىدە تەمتىرەپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، قېيىنئانىسىنى ئانا ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن پاسىبانلىق ۋە مېھرىبانلىق كۈتىدىغان بولغاچقا، قېيىنئانىسىنىڭ ئازراق كوتۇلداشلىرىنىمۇ ئېغىر ئالىدۇ - دە، قېيىداش پىسخىكىسى شەكىللىنىپ، بۇلار ئارىسىدىكى ئارىلىق بارا - بارا چوڭىيىدۇ.

خۇلاسە كالام، كېلىن بىلەن قېيىنئانا مۇناسىۋىتىنى سوغۇقلاشتۇرغۇچى ئامىللار ئىنتايىن كۆپ خىل. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىپ، ئەرلىك زىممىسىگە ئالىدىغان ۋە ئاتا - ئانا چىرىغىنى ياندۇرىدىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن تەر تۆكىدىغان ئوغلانلارنى ئارىدا خىجالەتتە قالدۇرماسلىق، تەمتىرەتمەسلىك، شۇنداقلا ئاجرىشىش ھەم قايتا نىكاھلىنىشتىن ئىبارەت ئامالسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان تۇرمۇش بوھرانىغا قاراپ تۇرۇپ يۈزلىنىدىغان بەختسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېلىنلەر تەمكىن، ئەپۇچان، ياخشى پىكىرلىك ۋە تەدبىرلىك، غەيرەتلىك، ئىشچان بولغىنى ياخشى. ئەپۇ قىلىشقا بولىدىغان ئىشلارنى تەگەۋېرىپ،

ئۆزى تەدبىرلىك بولماي، نەتىجىدە ئۆز بالىسىنى تىرىك يېتىم قىلىپ، ئۆزى ھەم ئۆگەي بالىلارغا ئۆگەي ئانا بولۇش ياكى باشتىكى يەڭگىللىكى ۋە پاراسەتسىزلىكى تۈپەيلى تۇرمۇشتا كۆپ نىكاھلىق بولۇش — تەبىئەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ئاياللار قەلبىگە ئەسلا سىغمىقى تەس. ھەقىقەتەن، ئۆزىنى ئەركەك دەپ ھېسابلايدىغان ھەرقانداق بىر نورمال ھەم ۋىجدانلىق ئادەم ئايالىنى ھەم بالىسىنى دەپ، ھەرقانچە تەتۈر ۋە يولسىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كېچەلەيدۇ؟ ئەگەر سىزنى ھەم پەرزەنتىنى دەپ ئاتا - ئانىسىدىن كەچسە ياكى يىراقلاشسا، سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە خوپ كېلەمدۇ؟ سىزمۇ قېرىپ كۈچىڭىزدىن قالغاندا بالىلىرىڭىزنىڭ سىزگىمۇ شۇنداق قىلىشىنى خالامسىز؟

**ھېكايەت:**

سىڭلىم ئەمدىلا تۆت ئايلىق بولغان تۇنجى قىز بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۆيكىدەپ ئانامنىڭ ئۆيىگە كەلدى. رەھمەتلىك ئانام ئاۋۋال نەۋرىسىنى قولىغا ئالدى ھەم ئانا - بالا ئىككىسىنى چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن پېشانىسىدىن سۆيدى. سىڭلىم يىغلايدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى. ئەمما، چېچەن ئانام بىلمەسكە سالدى. سىڭلىم ئاخىر ئۆزى ئېغىز ئاچتى ھەم ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. دېمەك، سىڭلىمغا ئۇۋال قىلىنغانىدى. ئانام ئېغىر ئۇھ تارتتى ھەمدە كۆزلىرىدىن ياش سىرغىدى. ئەمما، قۇدىسى ياكى كۈيئو ئوغلىنى ئەيىبلىمىدى، نە ئاغرىنمىدى ياكى سىڭلىمدىن گەپ كوچىلاپ تەپسىلىي سورىمىدى. ئەكسىچە سىڭلىمغا: «ھېچقىسى يوق قىزىم، تۇرمۇش دائىم باھار — بايرام ئەمەس، ئۇنىڭ قار - جۇدۇنلىرى، تەتۈر قۇيۇنلىرى، مۆلدۈرى بار. قېيىنئانىڭىزنى ئەپۇ قىلىڭ ۋە چاندۇرماي كەچتە قايتىپ كېتىڭ» دېدى.

سىڭلىم كەسكىن قارشى چىقتى ۋە بۇ خىل ئۇۋاللىق

تەكرارلانغانلىقىنى، بۇ قېتىم قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئاجرىشىش نىيىتىدە قايتىپ كەلگىنىنى ئېيتتى. ئانام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى ۋە بىرھازادىن كېيىن دېدى:

«مۇشۇ ئوماق قىزىڭىزغا قارىغە، ئۇ كېيىن چوڭ بولۇپ سىزدىن ‹مېنى نېمە ئۈچۈن يېتىم قىلغان، ئەيىب كىمدە ئىدى› دەپ سورىسا نېمىدەپ چۈشەندۈرىسىز؟ بۇ بىگۇناھ نارەسىدىنىڭ كىملەر ئالدىدا بويۇن قىسىپ، مىسكىن تۇرغىنىنى كۆرسىڭىز يۈرىكىڭىز چىدامدۇ؟ سىزگە ئېيتاي، ئايال بولماق بەك تەس. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئاچچىق يۇتىسىز، كۆپ بەدەل تۆلەيسىز، بىر نىكاھ بىلەن تاتلىق ئۆتۈش ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. مەن ھازىر بۇ ھەقتە گەپ قىلماي، ئۆزىڭىز ئويلىنىپ بېقىڭ، يەنە نەسىھەتىم:

1) ھەرگىز ئىككى ئارىلىقتا گەپ توشۇماڭ؛

2) ئائىلىدە بولغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆزنى سىرتتىكى ھېچقانداق كىشىگە، ھەتتا ماڭىمۇ دېمەڭ؛

3) سىزنى تەكلىپ قىلمىغان ئەھۋالدا ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا، سۆھبەت، مۇزاكىرە، پاراڭلىرىغا ئارىلاشماڭ؛

4) ئېرىڭىز، قېيىنئاتىڭىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ يىگىنە چاغلىق نەرسىسىگە زىنھار قارا سانىماڭ؛

5) تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆزلۈكىڭىزدىن قىلىڭكى، باشقىلار سىزنى بۇيرۇمايدىغان بولسۇن؛

6) دائىم ھەممە ئىشتا ئەدەپ ـ ئېھتىيات بىلەن تۇرۇڭ؛

7) سەھەر تۇرۇڭ، ھوشيار ۋە ئوچۇق مۇئامىلىلىك بولۇڭ؛

8) قانائەتچان ھەم تەمكىن بولۇڭ، ئېتىقادىڭىز سۇس بولمىسۇن؛

9) قېيىنئانىڭىزنى مېنى كۆرگەندەك كۆرۈپ، شۇ خىل مۇئامىلىدە بولۇڭ؛

10) ئائىلىدىكى بارلىق ئائىلە ئەزالىرى بىلەن دوستانە بولۇڭ، ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇشنى ئادەت قىلىڭ. كېلىن كىشى شۇنداق قىلغاندىلا ھاياتتا كۈلەيدۇ. چۈنكى، ياخشىلىق، ھەقىقەت ھامان خاتالار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ» دېدى. كېيىن سىڭلىم بىر نىكاھ بىلەن تاتلىق ھەم خاتىرجەم ياشاپ قالدى. بۇ ئىشقا ھازىر 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، مەن شۇ تەلەپچان، پەزىلەتلىك ئانامنىڭ سىڭلىمغا بولغان نەسىھەتنى، بولۇپمۇ شۇ ئىشنى پات ـ پاتلا ئەسلەپ قالىمەن ھەم قايىل بولىمەن. جىگىرىم، پارەم دەپ ئارزۇلىغان قىزىغا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئازار بېرىلسە، كۆزلىرىدىن ياش كېتىدۇ ـ يۇ، يەنىلا قىزىغا نەسىھەت بېرىدۇ. ئانا ئۈچۈن بۇ ئاسانمۇ، بۇ نەسىھەتلىك ھېكايە مېنىڭچە بارلىق ئەقىللىك كېلىنلەرگە پايدىلىق.

## ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆگەي باللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

ھايات تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي ۋە مۇشەققەتلىك، كارامەتلىرى كۆپ مۇساپە. ئۇنىڭ مەنزىللىرىدە ئىنسان نۇرغۇن تاسادىپىيلىقلارغا، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە، بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشى تەبىئىي. مانا شۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ بىرى ئۆگەي ئانا بولۇش ھەم ئۆگەي بالا بولۇشتۇر. بۇ ئاياللار ئەدەبىيلىرىدىن ئىبارەت مۆجىزىلىك تېمىنىڭ رەڭدار بىر بۆلىكى. كونىلاردا: «ئانا ئۆگەيلىمەيدۇ، بالا ئۆگەيلەيدۇ»، «ئۆگەي ئانىنىڭ سۆيۈپ قويغان يېرىمۇ ئاغرىيدۇ»، «ئۆگەينىڭ ئېتى قۇرۇسۇن، ئاپتاپتا يېتىپ كۆتى قۇرۇسۇن» دېگەندەك ھېكمەتلەر بار. خەلقىمىز مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىرلىنىدىغان ھەمدە ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى ئارقىلىق

گۆش بىلەن قانداق سىڭىشىپ كەتكەن ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ھەم ئۆگەي ئانىلار بىلەن ئۆگەي بالىلار مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئاجايىپ ئازابلىق ھېكايە - چۆچەكلەر نۇرغۇن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپتىن كىشىگە ئۆگەي بالىلارنىڭ تارتىدىغان كۈلپەتلىرىنى ۋە تەڭقىسلىقىنى نامايان قىلسا، ئاقىل ئاياللارغا قارىتا، كىچىككىنە ئۈمىد بولسىلا پەرۋىش قىلىپ، ئۆز ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆز بالىسىنى ئۆزى قاتارغا قوشۇشنى، ئامال بار باشقىلار ئائىلىسىدە ئۆگەي ئانا بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى جىددىي ئەسكەرتىدۇ. ئەمما، رېئال ھايات تولىمۇ مۇرەككەپ، ئادەملەرنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيەت ۋە مىجەز - خۇلقلىرى ھەر خىل. شۇڭا، ھەممىگە باب كېلىدىغان تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلى زادىلا مەۋجۇت ئەمەس. مۇشۇنداق تۈرلۈك ئامىللار ھەمدە بەزىدە ئۆز سەۋەنلىكلىرى، بىخەستەلىكلىرى، بىپەرۋالىقلىرى، خۇي - مىجەز، تەبىئىتىدىكى، تەربىيەلىنىشىدىكى بەزى ناباب ئامىللار تۈپەيلىدىن، تاسادىپىيلىق، كېلىشەلمەسلىك سەۋەبى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئۆگەي بالىلارنىڭ ئانىسى بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاياللارنىڭ پەزىلەتلىك، ياخشىلىرى ئۆگەي بالىلار - ئۆگەي كېلىنلەر (ئۆگەي ئوغۇلنىڭ ئايالى) بار ئۆيگە ئانا بولۇپ كىرگەندە ئوڭايلا مەلۇم بولىدۇ. باغرى كەڭ، ئەپۇچان، پاراسەتلىك، خۇش پېئىل ئاياللارنىڭ ئۆگەيلىكى ئاسانلىقچە مەلۇم بولماي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز پاراسىتى، پەزىلىتى، دىتى بىلەن ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ۋە ئىجابىي تەسىر بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆگەيلىكىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ھەتتا شۇ ئۆگەينىڭ قولىغا كىچىكرەك چۈشكەن بەزى بالىلار خېلى چوڭ بولۇپ تاكى بىراۋلاردىن ئانىسى ھەققىدە ئاڭلىمىغۇچە، ئۆگەي ئانىسىدىن ئۆگەيلىك ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار پاراسەت بىلەن ئائىلىنى تەرتىپكە

سالىدۇ، بالىلارغا ھەقىقىي ئانىلىق مېھرىنى بېرىدۇ. تۈرلۈك تەرەپلەردە دىت بىلەن ئۆز ئوبرازىنى تىكلەيدۇ. بالىلارمۇ ئانىسىنى ھىمايە قىلىدۇ. بۇنداق ئانىلار مۇشۇ ئىللىق مەنزىلنى ياراتقۇچە ھەقىقەتەن كۆپ بەدەل بېرىدۇ. ئەمما، بۇ بەدەللىرى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆڭلى توق، ئىززەت ۋە ئىشەنچ ئىچىدە ياشاپ، ئېرى ۋە بالىلىرىدىن گويا قەدىناس ئېرى ۋە ئۆز بالىلىرىغا ئوخشاش ئىلتىپات ۋە ئىززەت كۆرىدۇ. بۇنداق ئاياللاردىن ئىنسانمۇ ھەم دۇنيامۇ سۆيۈنىدۇ، ھاياتى ھەم ماماتى ئەزىز بولىدۇ.

يەنە شۇنداق بەزى ئۆگەي ئانىلارمۇ باركى، خۇددى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئېيتىلغان ئەشەددىي، زالىم، شەپقەتسىز ئۆگەيلەردەك، ئۇلارغا دەۋرىمىزدىكى تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى بىلەن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىلغار ئىدىيە ۋە تەربىيەلەر، ساغلام خاھىشلار سىڭمەيلا قالماستىن، تېخىمۇ قاتتىقلاشقان. بۇ خىلدىكى ئاياللار ئاساسەن نادان بولۇپ، پەزىلەت تەربىيەسى كۆرمىگەن. ئالدى بىلەن ئۇلاردا ئاياللىق، ئاندىن ئانىلىق سۈپەتلىرى يېتىلمىگەن، جاھىل، ھەممە ئىشتا ھامان ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ئۆگەي بالىنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئامالسىز ئىكەنلىكىنى، مېھىر - مۇھەببەت ۋە خەيرخاھلىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى، بۇ بالىلارغا زۇلۇم قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىمۇ زۇلۇم كۆرىدىغانلىقىنى ھېچ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇنداق ئۆگەي ئانىلارنىڭ ئۆگەي بالىغا نىسبەتەن كۆڭلى ئالا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىلا ئىشى كۆزىگە سىغمايدۇ. قەھرلىك كۆزلىرى بىلەن بالىغا تىكىلىدۇ. دادىسى بار جايدا بىر خىل، يوق جايدا بىر خىل، ئادەم بار جايدا بىر خىل، يوق بولسا يەنە بىر خىل بولۇپ، مۇئامىلىسى بۇلۇتتەك ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق بىشەم، تەتۈر مىجەزلىك ئاياللار بالىنىڭ ياخشىلىقىنى

كۆرىدىغان چاغدا گويا كۆزلىرىنى چاپاق باسىدۇ؛ ياخشىلىقنى ئېتىراپ قىلىدىغان دىللىرى ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپتىن پىچەتلىنىدۇ. باللارنىڭ تېرىقتەك كەمچىلىك، سەۋەنلىكلىرىنى گويا تاغدەك قىلىپ ئېرىگە چېقىشتۇرۇپ، ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا قىلىدۇ ۋە دادىسىنىڭ بالىغا بولغان مېھرىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ بالىسى بار بولسا، ئۆز باللىرىنى ئەزىز بىلىپ، ئۆگەي باللارنى چەتكە قاقىدۇ. باللارنى دادىدىن، ھەتتا ئۆيدىن تەزدۇرىدۇ، نەتىجىدە كىچىككىنە تۇرۇپ باغرى مۇزلاپ، دەككە - دەشنام ۋە ئورۇنسىز تىل - ھاقارەت تۇپەيلى نە غورۇرنى، نە غايىنى بىلمەي چوڭ بولغان كۆپلىگەن باللار ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرگە ياكى بوشاڭ، تەربىيەسىز ئاڭقاۋلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئۆگەيلىكتە چوڭ بولغان مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز كۆپ ھاللاردا نىكاھ تۇرمۇشىدىمۇ بەختلىك، خاتىرجەم بولۇشى قىيىن بولىدۇ.

بۇنداق ئۆگەيلەرنىڭ ئېرىچۇ؟ ئۇلار بۇ ناھەقچىلىكلەرنى راستىنىلا بىلمەمدۇ، خوتۇنىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار كۆپىنى بىلىدۇ، ئەمما نومۇس قىلىدۇ، سۈكۈت قىلىدۇ ۋە ئۈستى - ئۈستىلەپ ئۆگەي كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئايايدۇ، ئىنساب تىلەيدۇ. بۇنداق ئەرلەر ئايالى بار جايدا سۈكۈت قىلسىمۇ ۋە بالىنى ئەيىبلىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما يۈرىكى ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ، ۋىجدانى پۈچىلىنىدۇ. چۈنكى، پەرزەنت ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى، تەگىرى ئۇنىڭغا بەرگەن ئەڭ ئالىي سوۋغات، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ۋارىسى. دانالار شۇنداق ئۆگىتىدۇ:

جاھاندا ئەڭ ئالىي نېمەتتۇر پەرزەنت،
پەرزەنت بولۇر يالغۇز جېنىڭغا پەيۋەند.

پەرزەنت بىلەن تولار مەقسىتىڭ جامى،
پەرزەنت بىلەن قالار ھەركىمنىڭ نامى.
تىرىكلىكتە ئۈندىن كۆزلىرىڭ روشەن،
ئۆلسەڭ گۆرىستانىڭ ئەيلىگەي گۈلشەن.
يىقىلساڭ قولۇڭنى تۇتقۇچى نارىڭ،
ئايىغىڭ تايانچى كەتسە مادارىڭ.
بىلىڭ قۇۋۋىتى ئۇ، يۆلەنگەن تېغىڭ،
ياشلىقىڭ، كۆز نۇرۇڭ، روشەن چىرىغىڭ.
دوستلار ياردىمدە ياۋ بولسا گۇمران،
پەرزەنتىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال تىكەر جان.

ئۆگەيلىكى قاتتىق ئانىلار شۇنى داۋاملىق ئەستە ساقلىشى لازىمكى، سىز ئۆگەيلىگەن بالىنىڭ دادىسىدىكى سۆكۈت ئاخىر پارتلايدۇ، سىزدىن رايى قايتىدۇ. كۆز نۇرى بولغان بالىلىرىغا قىلىنغان ئۇۋاللىقلار ئېرىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا سىزگە بولغان نەپرەت ۋە غەزەپنى قوزغايدۇ. ئۆگەي بولۇپ قالغان بىچارە بالىلارنىڭ ئۆلگىنىڭىزدە قەبرىڭىز ئۈستىدە تۆكىدىغان ياشلىرىنى تۆكۈپ بولغىنىڭىز ئۈچۈن، قەبرىڭىز ھەم غېرىب بولىدۇ. ئەڭ ئاخىر ۋىجدان سوتى ھەم تەڭرى غەزىپىدە پۇچىلىنىدىغىنى يەنىلا سىز ئۆزىڭىز بولىسىز. ئەي ھەمشىرەم، ئۇنتۇماڭكى، نارەسىدىلەرنىڭ غەزەپ ھەم ئۇۋاللىقلىرى يەرگىمۇ سىڭمەيدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ ئەزەلدىن داۋام ئېتىۋاتقان قانۇنىدۇر.

## ئاياللاردا ئېتىقاد

ئېتىقاد ـــ ئىنسان روھىنىڭ مەنىۋى ئومۇرتقىسى. ئۇ ئىنسانىنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىدە ئەقىل بۇيرۇغان بارلىق

پائالىيەتلىرىمىز، ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنىڭ «قازى»سى.
ئېتىقاد خاسلىققا ئىگە ھەمدە ھەربىر كىشىنىڭ خاراكتېر، غايە، ۋىجدان قاتارلىق كىشىلىك تەرەپلىرى بىلەن زىچ گىرەلەشكەن ھالدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا ھەققانىيلىقى ئۈچۈنلا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۆلىمالىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
«تىرىك جان كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە بولۇشى كېرەك...... ئېتىقادسىز كىشى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. پەمسىز ئادەملەر ياكى ۋىجدانسىز ئادەملەرلا ئېتىقادسىز بولىدۇ.»
دانالار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھاياتىنى ئۆز ئېتىقادىغا بېغىشلىغان ئادەم يېڭى مېتالنى بايقىغان ياكى يېڭى گازنى تاپقان تەتقىقاتچىدىن ئىنسانىيەتكە كۆپرەك خىزمەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ.»
يۇقىرىقى تەلىم ۋە بايانلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئېتىقاد ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك نوقۇل ھالدىكى دىنىي ئېتىقاد بولماستىن، بەلكى بىر خىل خاس ئىرادە، نىيەت، غايە ۋە ھەققانىيلىق مەسلىكىدىن ئىبارەت. ئۆزى توغرا دەپ ئىشەنگەن ئىشنى خالايدىغان، قوللايدىغان، داۋاملاشتۇرىدىغان، ئىنسانىي ياخشىلىققا، ھالاللىققا ئۈندەيدىغان ۋە ئۈنىڭغا مەدەت بېرىدىغان مەنىۋى قورال. شۇنداق بولغانلىقتىن، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇلىنى قۇرغۇچى ئائىللارنىڭ مەسئۇلىيەتچان ۋە ئېتىقادلىق بولۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھامان تەكىتلىنىپ كەلگەن.

## 1. شەرم - ھايالىق ۋە ئىپپەتلىك بولماق

شەرم — ھايا ۋە ئىپپەت ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىچكى گۈزەللىك، شۇنداقلا ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇلى بولۇپ، تەربىيەلىك كىشىلەر، بولۇپمۇ تەربىيەلىك ئائىللارنىڭ دائىمىي ھەمراھى ھەم

ئادىتىدۇر. شەرم ـ هايا ۋە ئىپپەت ھەرقانداق ئىنساندا پاك ئەقىدە ۋە ئېتىقادتىن پەيدا بولىدۇ. كىلاسسىلىكىمىزنىڭ يازمىلىرىدا هايا توغرىسىدا:

هايا ئادەملىك ئەسلىدۇر، ئەسلى،
شۇندىن ئادەم بولۇر ھەر ئادەم نەسلى.
ناسىر خىسراۋ

دىلىڭدا بولمىسا بىلىم، فازىل — ئەدەپ،
قىلما زىننەت، كىيىم، مەرتىۋە تەلەپ.
ئەدەپ ئىچىدىن بۇزۇلغان جايدا —
سىرتقى بېزەكتىن نېمىمۇ پايدا؟
سەن بېزەك بەندىدە، تويىمسا كۆزۈڭ،
دانا تۆكۈرۈكىدىن بۇلغىنار يۈزۈڭ.
ئابدۇراھمان جامىي

باشقىلار دەپ يېزىلغان.

شەرم ـ هايانىڭ ئىپادىلىرى كۆپ خىل. ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكى پسىخىكىسى ۋە تاشقى ئەمەللىرىدە كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئېتىقادى ۋە ۋىجدانى ئاساسىدا ئۆز ـ ئۆزىدىن هايا قىلىش، شۇ ئاساستا ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، مۇقەددەس ياراتقۇچىدىن، ۋىجدانىدىن، ئاسمان ـ زېمىندىن، ئەل ـ جامائەتتىن، قانۇن ـ تۈزۈمدىن ۋە ئائىلە ئەزالىرىدىن ئۇيىلىش تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. شەرم ـ هايا، ئىپپەت ۋە نومۇس بىر تەكتىلەۋاتقان ئىنساني ئەدەپنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قىسقا قىلىپ «هاياسىزدا ۋاپا يوق، ئىمانسىزدا نومۇس.......»، «توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس» دېگەنىدەك ھېكمەتلەرنىلا قالدۇرماستىن، بەلكى يەنە

«هاياسىزنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ» دېگەندەك جەۋھەرلەرنىمۇ مىراس قالدۇرغان. خەلقىمىزنىڭ مىللىي پسىخىكىسى ئەزەلدىن شەرم - ھايا ۋە ئار - نومۇسنى ئۆز ھاياتىدەك مۇھىم دەپ قارىغان. ھاياسىز، نومۇسسىز، ئۇياتسىز، بەتقىلىق ئادەم ۋە ئىشلارنى خەلق ھېچقاچان ئەپۇ قىلمايدۇ، بولۇپمۇ شەرم - ھايادىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەر ئايال زاتىنىڭ تىلتۇمارى بولۇپ، كىمكى بۇ ئەڭگۈشتەردىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، شۇنداقلا يۇرۇش - تۇرۇش، كىيىم - كېچەك، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىدە بۇ ئەڭگۈشتەردىن يىراقلىشىدىكەن، ئۇ ھەرقانچە زىبا ۋە كۆركەم بولسىمۇ، ئەلنىڭ نەپرىتىگە - لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئەر زاتىنىڭ بۇنداق «پەرىزات» تىن رايى قايتىپ كۆزگە ئىلمايدۇ ۋە بارا - بارا يىرگىنىدۇ. ئىلىم - پەن ۋە ئەدەپ - ئەخلاق كانىدىن جاۋاھىراتلار سۈزگۈچىلەر ئۆز يازمىلىرىدا شۇنداق قەيت قىلىدۇ: «ھاياسىز ۋە نومۇسسىز ئادەملەر دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ»، تەربىيەلىك ئاياللار بۇنداق غەزەپلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەيلى قايسى تەرىقىدىكى ھاياسىزلىقلار بولسۇن، ھەممىسىدىن يىراق تۇرىدۇ. ھايالىق، نومۇسنى بىلىدىغان كىشىلەر كەمبەغەل بولسىمۇ باشقىلار ئالدىدا ھۆرمەتلىنىدۇ. لېكىن، ھاياسىز، جامائەتتىن ھېيىقماي، ۋاستە تاللىماي بايلىق ۋە شەھۋەت ئۈچۈن مەستخۇش بولىدىغان كىشىلەر ماددىي بايلىقى بىلەن قىسمەن كىشىلەر ئالدىدا مەرتىۋىلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئېتىبارى بولمايدۇ.

خەلقىمىز ئۇياتسىز، بىھايا، نومۇسسىز، ئەخلاقسىز، دىلى قارا كىشىلەرنى، مەسىلەن، ئېغىر مەست بولۇپ، ئەلدىن ھېيىقماي كوچا - كويلاردا يېتىپ قالىدىغان، ئەل - جامائەت ئالدىدا ئاغزىدىن بىزەپ، ئەخلاقسىز سۆزلەرنى تۆكۈۋېتىدىغان، ئەل - جامائەتتىن ھېيىقماي بەتقىلىق ھەرىكەتلەردە بولىدىغان، مال -

دۇنيا ئۇچۇن ھېچقانداق ۋاستە تاللىماي نومۇسسىز قىلمىشلاردا بولىدىغان شەكلى ئادەملەرنى گۇناھتىن قورقمايدىغان، مەخلۇقتىن ئۇيالمايدىغان، ئادەم ئەمەس نېمىلەر، دەپ ئاتىغاندىن باشقا، ئەدەپنى نومۇستىن، نومۇسنى بولسا ئەدەپتىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. ئەگەردە ئۇمۇ، بۇمۇ يىمىرىلىشكە باشلىسا، ھەممە كۆركەم بىنا يىقىلىدۇ، قەدىرسىز بولىدۇ ۋە نەپرەتتىن باشقا ھېچبىر تۇيغۇ ئويغاتمايدۇ دەپ ئاچچىق خىتاب قىلىدۇ. تەربىيەلىك قىز - ئاياللار ۋۇجۇدىدا ئىپادە قىلىنغان ھايا، يۈزلىرىدە ئۇيات ۋە خىجىللىقتىن پەيدا بولىدىغان قىزىللىق ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە چاقماقتەك تەسىر قىلىپ، مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. غەيۋەت - شىكايەت، چېقىمچىلىق، ئۆسەك سۆز تېرىش، بىھايا، بەتقىلىق سۆز - ھەرىكەتلەردە، شەھۋەتكە مايىل قىلمىشلاردا بولۇش، ھاراق ئىچىش، يالغان سۆزلەش، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىۋېلىش قاتارلىق ناشايان ئىشلار ھەممىدە قانۇنغا خىلاپ زەھەر سودىسى، بالىلار، ئاياللارنى ئېزىقتۇرۇش قاتارلىق ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ھاياسىزلىقتۇر. ئۆزىنى ئادەم دەپ بىلگەن ۋە ئادەمدەك ياشاشنى ئىزدىگەن ھەربىر ئايال زاتى شەرم - ھايانى دوست تۇتمىقى ھەقىقەتەن زۆرۈر، قىزلار ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق.

## 2. قانائەتچان بولماق

قانائەت — ئىنسان ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىغا رازى بولۇش، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىقتۇر. قانائەت مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممە كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقىي سۈپەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ بىر خەزىنىدۇركى، ئاسانلىقچە كېمەيمەيدۇ. ئۇ پاك قەلبنىڭ بىر خىل ئۈنسىز خىتابىدۇركى، كىشىنى ئاچ كۆزلۈك، ھېرىسلىك بالاسىدىن

يىراق قىلىدۇ. ئۇ بىر ياخشى سۈپەت ۋە سىناقتۇركى، دۇنيا ھېرىسلىكى ۋەسۋەسىسى يولىدىكى تۇرلۇك - تۇمەن خاتالاردىن، يامانلاردىن يىراق قىلىدۇ. نەپسىنىڭ كۆزى ھەقىقەتەن تويمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا قانائەت بولمايدىكەن، بىر كوزا ئالتۇنى بولغاندا، يەنە بىر كوزا ئالتۇنۇم بولسا ئىدى دەپ ئارمان قىلىدۇ. قانائەتسىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشى ئۆز تۇرمۇشى، ئۆزىدە بار ئىمكانىيەتلەرگە رازى بولمايلا قالماستىن، بەلكى قانائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ھاياتىدا كۆپ مۈشەققەتلەرگە دۇچار بولۇشى، ھەتتا توغرا يولدىن ئادىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

بولۇپمۇ ئاياللار بۇ جەھەتتە ئالاھىدە سەگەك بولۇشى زۆرۈركى، ئەگەر ئايال كىشى قانائەتتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولمىسا، ھە دەپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزىدىن ياخشى، كىرىمى ئۆز ئېرىدىن يۇقىرى ئائىلىلەر ۋە ئەرلەر بىلەن ئۆزىنى ھەم ئۆز تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرۇپ، خەقنى ماختاپ، ئېرىدىن، ئۆز تۇرمۇشىدىن ئاغرىنىدۇ ھەمدە بۇنداق كوتۇلداشلىرى بىلەن ئېرىنى ئۆزى خالىمىغان ھالدا توغرا يولدىن ئاداشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئايالمۇ سەللا دىققەت قىلمىسا ۋە ئەقىل ھەم قانائەتنى نەپسىگە قاراۋۇل قىلمىسا، ھېرىس بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن نەپسى - مۇرادىنىڭ يېتەكلى-شى بىلەن خاتا يوللارغا كىرىپ كېتىشى، ئۆزىنى ھەم ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە رېئال ھاياتتا ھەممىمىز كۆرۈۋاتقان ھەم ئاڭلاۋاتقان قانچىلىغان بۇزۇقچىلىقلار، ھەم جىنايەتلەر ئەنە شۇ ھېرىسلىك ۋە قانائەتسىزلىك بولماي نېمە؟

تۇرمۇش مەئىشەتلىرى رەڭدار قۇيۇندەك ئاجايىپ تېز كۆپىيىپ، كىشىنىڭ، بولۇپمۇ قىز - ئاياللارنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋاتقان، ئارامىنى بۇزۇۋاتقان بۈگۈنكى ماددىي دۇنيادا، ئەگەر قىز - ئاياللىرىمىز قانائەت قىلىشتىن ئىبارەت

گۈزەل خۇلق - پەزىلەتتىن يىراق بولسا، قەلبى ئېغىر، كۆڭلى يېرىم، ھاياتى مەنىسىز، ئۆز تۇرمۇشىدىن نارازى ھالدا، خاتىرجەملىكىنىڭ، بەختىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي، ھەسرەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قانائەتتە ھۆرىيەت، ئاچ كۆزلۈكتە ئەسىرلىك بار.

شۇنى ھەم ئەسكەرتىش زۆرۈر، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قانائەت ھەرگىزمۇ ھورۇنلۇقتىن، بوشاڭلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. تىرىشىشتىن، ئۆز شارائىتىنى ياخشىلاش، ئۆزىنىڭ ھالال ئەجىر-مېھنىتى بىلەن ياشاشتىنمۇ ئارتۇق لەززەت ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى ئىنسانىنىڭ تاپالىشىمۇ تەس. شۇڭلاشقا، تەندۇرۇس، ئەمگەك ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتى بارلا كىشى تىرىشىپ ھەرىكىتىگە يارىشا سائادەتكە ئېرىشمىكى زۆرۈر. پەقەت ئەجىر - مېھنەتكە، ھورۇن، ھەسەتكە، تەييارغا ۋە تەمەگە ھېرىس، ھارامغا خۇمار بولسا، بۇ دۇنيا ۋە ئاقىۋەتتە ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، خالاس.

قانائەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى، بىساتىدا بارىنى تېجەشلىك بىلەن، پىلانلىق، ئورۇنلۇق ئىشلىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسراپتىن ساقلىنىش خۇددى مېھنەت بىلەن پۇل تاپقانغا ئوخشاشلا بولۇپ، تېجەمكار كىشىلەر ھاياتتا ھېچقاچان سارغىيىپ قالمايدۇ. ئەقىل - پاراسەتلىك قىز - ئاياللىرىمىز شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقى زۆرۈركى، بىرىنچىدىن، ئۆز تۇرمۇشىدىن نارازى بولۇپ، دائىم ئاغرىنىش، باشقىلارغا ھەۋەس قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، پەرزەنتلەرگە قانائەت قىلىشنى، ئىقتىسادنى جايىدا، ئورۇنلۇق سەپلەشنى ئۆگەتمەسلىك — ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا زىيانلىق.

### 3. پاكىزلىقنى سۆيمەك

ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرى دائىرىسىدىكى

يەنە بىر مۇھىم ئىش تازىلىق ـ پاكىزلىق بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ تەبىئىتىنى، ئۆي تۇتۇش دىتىنى، ئائىلىسىگە مۇھەببىتىنى، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭىنى، مەسئۇلىيەت ھەم مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى سىنايدىغان سىناق تېشى. ئۇ ئائىل ئوبرازىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن ئەينەك.

تازىلىقنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بۇ يەردە ئۇ ھەم شەخسىي تازىلىقنى، ھەم تۇرالغۇ (ئاساسلىقى ئائىلە) تازىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈستىبېشى مەينەت ۋە رەتسىز بولۇش قەدىر ـ قىممەتسىزلىكنىڭ ۋە بەختسىزلىكنىڭ چىللىشى بولسا، ئۆي ئىچىنىڭ رەتسىز، قالايمىقان بولۇشى خاراب بولۇشىنىڭ بېشارىتىدۇر.

پاكىز يۇرۇش ھەربىر ئىنساننىڭ بۇرچى بولۇپ، ئەر ۋە ئائىل ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم، بولۇپمۇ قىز ـ ئائىللار ئۈچۈن ھاۋا، سۇ ۋە يېمەكلىككە ئوخشاش قىممەتلىكتۇر.

تەربىيەلىك ۋە تەبىئەتلىك ئائىللار ئۆزىنىڭ ئۈستىباشلىرىنى دائىم رەتلىك، پاكىز تۇتۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ، ئۈستىبېشىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۆزىگە قانداق ئېتىبار بەرسە ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ شۇنداق ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆي ـ جايىنى، كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قۇچىلارنى تازىلاپ رەتلىگەندىن تاكى ئۇلارنى ئاسراپ تۇتقانغا ۋە ھەر نەرسىنى ئۆز جايىدا قويغانغا قەدەر، ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدۇ. خۇددى ئۆزىنىڭ ياسىنىش ـ تارىنىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك، بالىلىرى، مۇھىمى ئېرىنىڭ ئىچ ـ كىيىملىرىدىن تارتىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ۋاقتىدا ياساتقان ـ ياساتمىغانلىقىغا، روھىي كەيپىياتى ۋە چىرايىدىكى ئۆزگىرىش، ئالامەتلەرگە قەدەر دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئېرى سىرتقا ماڭغاندا خەيرلىك تىلەپ، ئىشىكتىن كىرگەندە ئىللىق تەبەسسۇمى ياكى

تاتلىق سۆزى بىلەن ئەمىنلىك سورايدۇ. ئۆزىنى مودىلدەك ياسىۋېلىپ، ئېرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۆي، ھويلا، قورۇ - جاي ۋە ئەتراپلارنى پاكىز تازىلاپ، كۆندىلىك بىرىنچى پائالىيىتىنى تازىلىقتىن باشلايدۇ. تاماقتىن كېيىن قاچا - قۇچا، قازان - قومۇچلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يۇيۇپ تازىلايدۇ. يوتقان - كۆرپىلەرنى ھەم ۋاقتى - قەرەلىدە پاكىزلاپ، ھاۋالاندۇرۇپ، ئۆي بىساتلىرىنى پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرىدۇ. بۇلار چېۋەر، تەربىيەلىك ئاياللارنىڭ يەنە بىر زىننىتى بولۇپ، ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ چېۋەر، پاكىز، ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

**ھېكايەت:**

يېقىندا بىر دوستۇم ئۆزى ئاڭلىغان مۇنداق قىزىق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ياش بىر قوشنىسى بولۇپ، ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسى دۆلەت كادىرى ئىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن قانداقتۇر ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان مۇزىكا، كۈلكە - چاقچاق ئورنىغا پات - پاتلا ۋارقىراش - جارقىراش ھەمدە جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ، چايدان، قاچا - قۇچىلارنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى بۇ جېدەل - ماجىرا بەكرەك ئەۋجىگە چىقىپتۇ ۋە قازانمۇ چېقىلىپتۇ. ئەھۋالنى كۆرۈپ، گۇۋاھ بولۇپ قويار دېگەن مەقسەتتە، ئاخىر خوتۇنى قوشنىسىنى (مېنىڭ دوستۇمنى) چاقىرىپتۇ ۋە:

— ئۆي تۇتقان بىر يىلدىن بېرى بەش قېتىم قاچا - قۇچا، چايدان، چەينەك سېتىۋالدۇق، — دەپ ئېرىدىن دادلاپتۇ. دوستۇم ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئەھۋاللاشقانىكەن، ئۇ:

— سەۋەب بەك ئاددىي، ھەر قېتىم ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆز جايىدىن پاكىز قاچا تاپالمىسام جۇدۇنۇم ئۆرلەيدۇ. بىرنەچچە قېتىم

نەسىھەت قىلدىم، ئەمما ئايالىم زادىلا ئەيىبىنى تونۇتمىدى، شۇڭا ئاچچىقىمنى باسالمىدىم. ئومۇمەن، ئايالىمنىڭ تازىلىق ئادىتى كۆڭلۈمنى سوۋۇتتى، — دەيتۇ.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار بىر قىسىم ئائىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بەزى ئاياللارنىڭ مەيلى شەخسىي تازىلىقى ياكى ئۆي - جاي تازىلىقى بولسۇن، سىرتى، كۆرۈنۈشى پاكىز، ئەمما ئىچكى قىسمى ئۇنداق مۇكەممەل ئەمەس. بىلىش كېرەككى، تازىلىق كىشىگە ھايات لەززىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشىدىن سۆيۈندۈرىدىغان، كۆڭۈلگە ئارام ۋە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان خاسىيەتلىك مەلھەم، شۇنداقلا ساغلاملىق دوستى. قايسى ئائىلە تازىلىققا سەل قارىسا، ئۆيدىن بەرىكەت قاچىدۇ ۋە ئائىلىسى مېھرى سوغۇق ئائىلە بولۇپ قالىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا بار: جەمئىيەتتە خېلى كۆپ ئاياللار ياسىنىش - تارىنىش ئارقىلىق ياراتقان گۈزەللىكىنى ئۆز ئائىلىسىدە ئېرىگە ئەمەس، بەلكى سىرتقا چىققىشتىن بۇرۇن يارىتىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار توي - تۆكۈن، چاي، زىياپەتلەرگە بارغاندا ياسىنىپ - تارىنىپ، گىرىملىنىپ، رەتلىنىدۇ، بىراق ئادەتتە ئائىلىۋى تۇرمۇشتا ئۆزىنى بەكلا تاشلىۋېتىدۇ. دەرۋەقە، ئۆي ئىچىدە ئايال كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ھەقىقەتەن كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، دائىم ياسىنىپ - تارىنىپ يۈرۈشمۇ قولاي ئەمەس، ھەتتا خېلى كۆپ ئائىلىلەردە بۇنىڭغا شارائىتمۇ يوق. ئەمما، بۇ يەردىكى گەپ سىزنىڭ مېھمانىدارچىلىقلاردىكى ھالىتىڭىز بىلەن تەبىئىي ھالىتىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەقىقەتەن ناھايىتى زور بولسا، ئېرىڭىز تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئەتىدىن كەچكىچە سىرتتا يۈرۈپ، قاملاشتۇرۇپ ياسانغان قانچىلىغان ئاياللارنىڭ سىماسىنى كۆز ئۆڭىدىن ئارامسىز ئۆتكۈزۈپ ئۆيگە كىرگىنىدە، سىز سۆرۈن،

چۈشكۈن، كۆرۈمسىز، ئاۋارە كۆرۈنسىگىز، ئىرىگىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، سىزدىن رايى قايتامدۇ؟

خۇلاسە شۇكى: ئايال كىشى ھەقىقەتەن پاكىز بولۇشى زۆرۈر. چۈنكى، پاكىزلىق زىننەت دېمەكتۇر. ئۆز لايىقىدا، سىگىشلىك گىرىملىنىش (تەبىئىي بويۇملاردىن، مەسىلەن، ئوسما، خېنە، سۈرمە، ئەنبەر قاتارلىقلاردىن) ھەمدە بۇ گىرىملىنىش ئاساسلىقى ئۆز ئېرى ئۈچۈن بولۇش، ئېرى ياخشى كۆرمەيدىغان رەڭلەرنى، كىيىملەرنى كىيمەسلىك، ئۆرپ - ئادىتىمىز يول قويىغان، شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە مۇۋاپىق زىننەتلىنىش، ئادەتتە بولسىمۇ پاكىز، يارىشىملىق، رەتلىك، يېقىشلىق ياسىنىش زۆرۈر. گىرىملەندىم دەپ تېرىگە زىيانلىق گىرىملەرنى قىلىش، بەك قېنىق گىرىملىنىپ ھەجۋىي چىراي بولۇۋېلىش، بەدىنىدىن، ئېغىزلىرىدىن كېلىدىغان بەتبۇي پۇراقنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلىماسلىق، ئېغىز تازىلىقىغا سەل قاراش، ئائىلە مۇھىتىغا سەل قاراش — ھەممىسى ئاياللار ئۈچۈن ئوخشاشلا زىيانلىق بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى يەرگە ئۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ.

## 4. تۇرمۇشنى تەرتىپلىك ئۆتكۈزمەك

دىنىلىق، تەربىيەلىك، چېۋەر، پەم - پاراسەتلىك ئاياللارنىڭ دائىم تۇرمۇشى رەتلىك، ئۇستىبېشى پاكىز، چىراي - كەيپىياتى خاتىرجەم، روھىي ھالىتى ئۇستۈن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىمۇ جايىدا، ۋاقتىدا بولىدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ تۇرمۇشتا ئېپى بولغانلىقتىن، تۇرمۇشنىڭ خىراجەتلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ، ئۆيىنىڭ يورۇقىنى چىقارغۇچە پۈتكۈل تۇرمۇش جەريانى پۇختا بولىدۇ. تۇرمۇشتا ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرغانىدىمۇ تەرتىپ ۋە دىت بولغاچقا، ھەممە ئىشى جايىدا

بولىدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ ئائىلىسىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى بولىدۇ ۋە ئىشلارنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ. ئائىلىدىكى ھەركىم ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى ئىشلەيدۇ. چۈنكى، مۇۋاپىق ئائىلە ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىش بىر خىل كۆڭۈللۈك ئائىلە پائالىيىتى بولۇپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. باللارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئىشلارنى قىلىشى ئۇلارغا چېنىقىش، ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ، مېھنەتنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

چېۋەر ئايالنىڭ تۇرمۇش ئىپپىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى سەھەر تۇرۇپ، كەچتە ئۆز ۋاقتىدا ئۇخلاش ھەمدە ئۆيدە ئاش - تاماقنى ۋاقتىدا تەييارلاش. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خاھىشىغا قاراش (شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە)، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا دەم ئېلىشىغا شارائىت يارىتىش، تۇرمۇشنى رەتلىك ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار سالامەتلىك ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق.

ئائىلىسى بار بىر ئايال ئەگەر مۇشۇ ئىشلارنى ۋاقتىدا بېجىرەلىسە، راستىنلا ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن تاتلىق ياشاشنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بولىدۇ. بۇنداق ئائىلە ھاياتىن لەززەتلىنىدۇ، ئېرىنىڭمۇ مۇنداق ئايالغا مۇھەببىتى ئاشىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. ئەكسىچە، تۇرمۇشتا پىلانى بولمىسا، كەچكىچە ۋايساپ يۈرۈپ، قولىدىن ھېچ ئىش چىقمىسا، كەچ كىرىپ قورساق ئاچقاندا تېخى ئەمدى تاماق ئېتەيمىكى دەپ مىتىلداپ يۈرسە، ئۆينىڭ تۈرى بىلەن يەگاھىسى ئوخشاشلا رەتسىز، كىر چىراي بولسا، زۆرۈر بولغاندا بىر دوستىنى تۇيۇقسىز، خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ھەم چاققان، ھەم سۈپەتلىك مېھمان قىلىپ ئۇزىتالمىسا، ئۇيقۇ ۋە تاماق ئۆز ۋاقتىدا بولمىسا، ئەتىدىن كەچكىچە ئائىلەم دەپ سىرتتا

تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكى بىلەن چارچىغان ئەرنىڭ ھەم باللارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كەيپىياتى بۇزۇلامدۇ؟ بۇنداق بولۇمسىز، بىسەرەمجان، خام ئايالغا ئۆيلەنگەن ئەرنىڭ ئۇۋاللىق ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. كونىلار ئېيتقان «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن.» بۇ ھېكمەت ھېلىھەم جۇلالىنىپ تۇرماقتا.

## ئايالاردا دوست تۇتۇش ۋە تېجەمكارلىق

### 1. دوست تۇتۇش

بۇ دۇنيادا ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرى تولىمۇ كۆپ بولىدۇ. ماددىي ئېھتىياجلىرى بىلەن مەنىۋى ئېھتىياجلىرى ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ، ھەربىرىنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن مەزمۇنى بولىدۇ. مۇشۇ ئېھتىياجلار ئىچىدىكى بىر مۇھىم مەنىۋى ئېھتىياج — دوستلۇقتۇر. چۈنكى، دوستلۇق سەۋەبىدىن ئادەملەر بەختىيار بولىدۇ. دوستلۇق سەۋەبىدىن يىراقلىرى يېقىن، قىيىنچىلىقلىرى ھەل بولىدۇ، كۆڭلى توق بولىدۇ. چۈنكى، دوستلۇق ھاياتتىكى ئەڭ زۆرۈر نەرسە بولۇپ، تۇرمۇش مەيلى راھەت - پاراغەتتە ئۆتسۇن ياكى غورىگىل بولسۇن، ھېچ كىشى ھاياتىنى دوستسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ. گەرچە ئىنسان ئۈچۈن ئاتا - ئانا، قېرىنداش، ئەر - خوتۇن ۋە باللچاقا ئۆزئارا ئەڭ يېقىن دوست بولسىمۇ، ئەمما ئىنسان ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا يارۇ دوست، ئۇلپەتكە موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، تەقدىر ئادەمگە ساخاۋەت كۆرسىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك بەختنى ئىنئام قىلماقچى بولسا، ئۇنى ئەڭ سادىق دوستلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن دوستلۇق ئەنە شۇنداق مەنىۋى ئېھتىياج بولغانىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن نازۇكلۇقنى، پەرۋىشنى،

پىداكارلىقنى، ۋاپادار، ساداقەتمەنلىكنى، سەمىمىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭسىز دوستلۇق گۈللىرى پورەكلىمەيدۇ. ئەكسىچە، سىنىماي، چۈشەنمەي بولغان دوست ۋە يېقىنلىق كىشىگە مالاللىق، دەرد - ھەسرەت كەلتۈرىدۇ. ئېنىقكى، بىزنىڭ مۇكەممەل ۋە بەختلىك ھايات كەچۈرۈشىمىز كۆپ جەھەتتە ئۆزىمىزگە مۇناسىپ دوست ۋە يولداش تاللاشنى بىلىشىمىزگە باغلىق.

دوست تاللاش، دوستقا مۇئامىلە قىلىش قىز - ئاياللار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ۋە نازۇك بىر مەسىلە. تەگرى ئايالغا خۇددى ئايال ۋۇجۇدىغا ئوخشاش نازۇك ھېسسىيات ئاتا قىلغان، ئەمما تاغدەك ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلىگەچكە، خانىم - قىزلار بۇ ئىشتا تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولغىنى ياخشى. بۇ بۇرۇندىن بار كونا قائىدە بولسىمۇ، نۆۋەتتە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەر ئارا ئالاقە - مۇناسىۋەتلەر مەزمۇنىنىڭ بارغانسېرى كۆپ خىل بولۇشى، ئاياللار مۇكەممەللىكى ۋە پەرزەنت تەربىيەسى تەلىپىنىڭ كۈنسايىن يۈكسىلىشى قاتارلىق بىرقاتار ئوبيېكتىپ ئەھۋاللار، قىز - ئاياللاردىن دوستلۇق مەسىلىسىگە يەنىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى تەقەززا قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتتە قىز - ئاياللار ئارىسىدا دورۇسلۇق ئاساسىدا پەيدا بولغان «بازار ئادىتى»، «چاي ئادىتى»، «كىيىم كېيىش ئادىتى»، «خىزمەت ئادىتى»، «قوشنا ئادىتى» دېگەندەك ھەقىقىي دوستلۇق ئۇقۇمىغا داغ تەگكۈزگۈچى «شەكلەن» دوستلۇقلار، جەمئىيەتتە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، بەختسىزلىك، ھەتتا جىنايەتلەرگە سەۋەب بولماقتا.

ھەقىقىي دوستلۇق — بىر خىل ئاجايىپ زور بەخت ۋە ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىش ۋە قەدىرلەشكە سەۋىيە ۋە پەزىلەت كېرەك. بىر يولدا ماڭغانىنىڭ ھەممىسى دوست ئەمەس. دوست — ئۇ سېنىڭ

خۇشـاللىقىڭ ئۈچۈن شادلىنىپ، قايغۇلىرىڭ ئۈچۈن قايغۇرغۇچىدۇر.

كونىلاردا «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار»، «يامان دوست يەتتە يىلاندىن يامان» دېگەندەك ھېكمەتلەر كۆپ. بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۇنتۇش، ئەخلاقسىز، كالتە پەم، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، بىھايا، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۆۋەن قىز - ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىش ۋابانىڭ سىزگە يۇزلەنگىنىدىن بىشارەت.

كىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دوستىغا قاراش كۇپايە ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە كىم ئىكەنلىكىدە، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى تەربىيەلىنىشى ۋە پەزىلىتىنىڭ قانداقلىقىدا ھەم كىملەر بىلەن ئۈلپەت بولغىنىدا. ئەقىللىك، ئەخلاقلىق، ئائىلە مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك، خاتالىرىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، ھالال، نومۇسلۇق، ئادىمىي، سەمىمىي، دۇرۇس پىكىرلىك، ئەپۇچان، دوستلۇقنى ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىدىغان كىشىلەر بىلەن دوست بولغان ئەڭ ياخشى. دوست كىچىك ۋاقتىدىكى دوست بولسا ئۇ تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر ئۇنداق كىشىلەر بىلەن يېقىنلىشالمىسا، ئۆزىگە زەرەرلىك كىشىگە يېقىن بولغاندىن يالغۇز ئۆتكەن ياخشىراق. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، سىنىماي، چۈشەنمەي تۇرۇپ سىر بېرىش، يېقىنلىشىش، باشتا يېقىن بولۇپ، كېيىن ئايرىلىپ كېتىش ۋە ئاتاقتىكى «دوست» نىڭ بەك كۆپ بولۇشى ئوخشاشلا زىيانلىق. شۇڭا، بۇرۇنقىلاردىن قالغان: «دوستۇم، دوستتىن مىڭنى تاپ، مىڭنى ساناپ بىرنى تالا» دېگەن ھېكمەتتىن ئىلھام ئالغان. قىز - ئاياللار دوستلۇق مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھايات يولى جەريانىدىكى بارلىق كىشىلىك ئالاقە - مۇناسىۋەتلەردە ھەرقاچان سەگەك

بولۇشى، ئارىلىششقا تېگىشلىك بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلمىغىنى، ئۆيدە ئەر يوق ۋاقىتتا، ناتونۇش كىشىلەرنى ئۆيگە كىرگۈزمىگىنى ياخشى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىسىدىكى باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دوستلۇقىغا ھەم كۆڭۈل بۆلۈشى، دوستلۇق ھەققىدە يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى پەرزەنتلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇلارغا توغرا، مۇكەممەل دوستلۇق تەربىيەسى بېرىشكە ھەرگىز سەل قارىماسلىقى لازىم.

## 2. تېجەمكارلىق

ئىنسان بۇ دۇنيادا مەيلى قانچىلىك ياشىسۇن، قايسى دەرىجىدە ياشىسۇن، خىراجەتسىز ھايات كەچۈرەلمەيدۇ ھەم تىرىشىپ - تىرمىشىپ پۇل تېپىشتىكى مەقسەتمۇ، ئەل قاتارى ياشاپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداشنى مەقسەت قىلىدۇ. دېمەك، ياشاش ئۈچۈن پۇل كېرەك. ئىنساننىڭ بېشىدىكى ئېغىر كۈلپەت بولغان قېرىلىق ھەم ئۆلۈم ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك. ئېنىقكى، بايلىققا پۇل تېپىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەگەر كىرىم ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، خىراجەت پىلانلىق، تېجەشلىك بولمىسا، ئۇدۇللۇق تاپقاننىڭ ھەممىسىنى ئۇدۇللۇق خەجلەۋەرسە، ئائىلە ھالقىلىق پەيتتە، مەسىلەن، ئىنساننىڭ بېشىدىكى پۇلغا ئەڭ موھتاج پەيت كېسەللىك؛ مەبلەغ سېلىش ئەڭ زۆرۈر بولغان ۋە ئەڭ ئەرزىيدىغان ئىش پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش؛ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئېچىدىكى زۆرۈر موھتاجلىقلارغا ياردەم قاتارلىق زۆرۈر چاغلاردا سارغىيىپ، «ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر تورغا يارىمىدى» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەنىدە ئېيتىشقا بولىدۇكى، تېجەشلىك بولۇش — بايلىقنىڭ ئاساسىدۇر.

تېجەمكارلىقنىڭ ئاساسلىق ئىجراچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى

ئائىلىدە ئايالدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئائىلە ئىقتىسادى ئاساسلىقى ئايال ئارقىلىق سەرپ قىلىنىدۇ ۋە ئايال ئارقىلىق يوروقى چىقىرىلىدۇ. ئائىلىدە بولىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر، مەسىلەن، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار مۇناسىۋىتىنى يۇرۇشتۇرۇشتىن كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە ئايال كىشى ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر ئايال پىلانچان، تەدبىرلىك بولمىسا، ئېھتىياجدىن ئارتۇقچە خىراجەت قىلىپ، كىچىكنى چوڭغا تارتىپ، ئېرىنى ھە دېسە چىقىم قىلىشقا ئۈندىسە، يوتقانغا قارىماي پۇتنى سۇنۇۋەرسە، بۇنداق ئائىلىلەردە ھالقىلىق پەيتتە پۇل بولمايدۇ. جانغا ئارا تۇرمىغان، پەرزەنتنىڭ بەدىنىگە قۇۋۋەت، ئەقلىگە مەبلەغ قىلىشقا يارىمىغان ئۇنداق بايلىق تاپمىغانغا تەڭ بولىدۇ. بۇنداق دېگىنىمىزدە، ئاياللارغا نىسبەتەن «رەڭدار ئېزىتقۇ» ھېسابلىنىۋاتقان، كۈندە نەچچە خىل ھالدا بازارلارنى قاپلاۋاتقان كىيىمپەزلىك؛ تەشۋىقاتى دىللارنى مەھلىيا قىلىۋاتقان گىرىمپەزلىك؛ زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئۇچرىشىش، ئەھمىيەتسىز چاي ئولتۇرۇشى ۋە بەزى رەسمىيەتلەر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئەرلەرنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقداپ، چارچىتىپ قويماقتا. ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارىساق، رېئال تۇرمۇشىمىزدا كۆپلىگەن ئەرلەرنىڭ چامى يەتكەن، ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرمىشىدىغانلىقىنى كۆرىمىز (ناھايىتى ئاز بىر قىسىم بوشاڭلار بۇنىڭ سىرتىدا). چۈنكى، تۇرمۇشنىڭ ئاساسلىق ئېغىرى ئەرلەر زىممىسىدە. بەزى دىتسىزراق ئايال بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان ئوغلانلار كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ - تىرمىشىپمۇ يەنىلا موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي، يا ئائىلىسىنى رازى قىلالماي، يا ئۆزى خۇشال بولماي ئاخىر قېيداپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، بەزىلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، ھەتتا جىنايەت يوللىرىغا كىرىپ

كېتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئۇۋاللىقىنى تارتىدىغىنى يەنىلا شۇ نارەسىدە بىچارىلەر بولۇپ قالىدۇ. ئەجدادلىرىمىز تېجەمكارلىق خۇسۇستا ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ «بارىدا پولدۇرۇڭ - پولدۇرۇڭ، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇڭ» دەپ خۇلاسىلىگەن.

بىلىش كېرەككى، ھايات تۆت كۈنلۈك سەيلە ئەمەس ۋەياكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان باھار - ياز ئەمەس. ئۇنىڭ شۇنداق تاسادىپەن بوران، مۆلدۈرلىرى ھەم قەھرىتان قىشمۇ بار. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلە كىشى ھەر ۋاقىت كونىلارنىڭ «ئەر تاغارلاپ تاپقىنىنى، ئائىلە كىشى يىڭنىدە سورۇسا توگەيدۇ» دېگەن ھېكمىتىنى ئېسىدە تۇتمىقى زۆرۈر. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بىراقلا پىخسىقلىق قىلىپ، باللارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ۋە نورمال تۇرمۇش خىراجىتىنى قىسىش ئەمەس. چۈنكى، ھەممىلا كىشىنىڭ ياخشى ياشاش ئارزۇسى بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى گەپ قىلمىسىمۇ بولىدىغان ۋە ئۆتۈپ كېتىدىغان چىقىملارنى دىتلاپ، ئازايتىش، ئائىلىنى ئەر بىلەن تەڭ گۈللەندۈرۈش، سەي - كۆكتات، ئاش - ئوزۇق، مېۋە - چېۋىلەرنى ھەم ئىسراپ، زايە قىلماسلىق دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى يەنە:

1) پوچىلىق قىلىپ باشقىلارغا قىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماسلىق، باشقىلار بىلەن بەسلەشمەسلىك، مەيلى ئۆي تۇتۇش، كىيىنىش ۋە باشقىلاردا ئۆز ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش؛

2) يېمەك - ئىچمەكتە مىقداردىن كۆپ تەييارلاپ، بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش؛

3) ئېشىپ قالغان تاماق، خېمىر، قېتىپ قالغان نانلارنى ئىسراپ قىلماي، ئۇنىڭدىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىشنى بىلىش؛

4) مودا قوغلىشپ (شارائىتىغا قارىماي) پۇلنى شامالغا سورۇماسلىق.

## ئاياللاردا ياخشى خۇلق

**ھېكايەت:**

«ئىش ـ ئەمەللىرىمگە پاك نىيەتلىرىمنى ھەمراھ قىلىپ بەرگەن مېھرىبان تەبىئەتتىن يەنە تىلەيمەن، مېنى ھەم ئائىلەمنى يامان ئوي ـ خىياللاردىن، يامان ئىشلاردىن، كىشىنىڭ ھەققىدىن، يامان خۇي ـ پېئىللىق كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشتىن ساقلىغايسەن. سەندىن ئۆمۈر ۋە بايلىق تىلىمەيمەن، پەقەت ئىنساب ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمەن» دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئايالنىڭ قىزى سوراپتۇ.

— ئانا، ھەر كۈنى شۇنداق دەيسىز، ھەتتا بەزىدە شۇنداق دەۋېتىپ يىغلايدىكەنسىز، ئۇنىڭ پايدىسى بارمۇ؟

ئۆزىنىڭ ئىخلاس بىلەن قىلغان ئىلتىجاسىغا دىققەت قىلغان كىچىككىنە قىزىدىن زوقلانغان ياش ئانا قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ ۋە دەپتۇ:

— مەن بۇ ئىلتىجالىرىمنى ئۇلۇغ تەبىئەتتىن ئۆتۈنىدۇم ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆز ئەقلىم، ھەم ۋىجدانىمغا خىتاب قىلىدىم. بۇ ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى ۋە توغرا ياشىغىلى بولىدۇ. بۇنى ماڭا ئاتا ـ ئانام ئۆگەتكەن.

قىز يەنە سوراپتۇ:

— ئۇنداق بولسا ياخشى خۇلق دېگەن نېمە؟

— ياخشى سورىدىڭىز قىزىم، مەنمۇ ئەسلىدە سىزگە ئۆگەتمەكچىدىم، مېنىڭ بىلىشىمدىكى ياخشى خۇلق، — دەپتۇ ئانا:

1) ئۆزۈمچىل ۋە جاھىل بولۇشتىن، ئىلىمگە قىزىقىشتىن يىراق بولۇش؛
2) غەيۋەت ـ شىكايەتتىن، كىشىنىڭ ھەققىدىن، ھارامدىن يىراق تۇرۇش
3) بوشاڭ، ھورۇنلۇقتىن، تەمەدىن يىراق بولۇش؛
4) شۆھرەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئىنسابسىزلىق، بەتقىلىقلىقتىن يىراق بولۇش؛
5) خاتالارغا، نەسىھەتلەرگە، تەربىيە ۋە تەلىمگە، خۇشاللىق ۋە غەم ـ قايغۇغا توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان بولۇش، كۆڭۈلسىزلىك ھەم بەختسىزلىكلەرگە، ھاياتتىن كەلگەن تۈرلۈك زەربىلەرگە سالماق مۇئامىلىدە بولالايدىغان بولۇش؛
6) ئۈمىدۋار ياشاش؛
7) تېرىككەكلىك، چىقىشالماسلىق، ئاچچىق سۆزلۈك، بەتخۇيلۇق ۋە قوپاللىقتىن خالىي بولۇش؛
8) تېز ئاچچىقلىنىش، ئورۇنسىز قايغۇرۇش، خۇيلىنىش، ماختانچاقلىقتىن خالىي بولۇش؛
9) خەسىسلىك، ئاداۋەت ۋە بىغەرەزلىكتىن خالىي بولۇش؛
10) بىپەرۋالىقتىن، مەنمەنچىلىكتىن خالىي بولۇش؛
11) تەلۋىلىك ۋە جىنايەتلەردىن، ئۇياتسىزلىقتىن خالىي بولۇش؛
12) يەڭگىلتەكلىك ۋە ئالدىراقسانلىقتىن خالىي بولۇش؛
13) يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن خالىي بولۇش ھەمدە ھالال، ئەلنىڭ نەپرىتىدىن ھېيىقىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەشنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈشنى بىلىدىغان، خۇشاللىق، ئۆمۈر، بەخت، ۋاقىتقا توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان، كەڭ قورساق، شىرىن سۆزلۈك بولماق دېگىنىم. قىز ئۆتۈنۈپتۇ:
— بۇ ياخشى گەپلەرنىڭ ھەممىنى مەن ئۆگىنىۋالسام

بولغۇدەك. ئانا دەپتۇ:

— بۇ ياخشى گەپلا ئەمەس، ياخشى ئوي ۋە ئەمەللەرنىڭ ئاتىلىشى. بالام، بۇلارنى سىز هاياتلىق ئۆلچىمىڭىز قىلىپ، شۇ خىل مىزان بويىچە ياشىشىڭىزنى هەم كەلگۈسىدە سىزنىڭمۇ بىر قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىڭىزنى تىلەيمەن. بۇ قىز بالا ئۈچۈن بەك مۇهىم.

قىز ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىردىنلا سوراپتۇ:

— بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسىنى قىلالارمەنمۇ ئانا؟ ئانا دەپتۇ:

— قىلالايسىز قىزىم، ئىرادە ۋە نىيەت بولسىلا چوقۇم قىلالايسىز. بۇلارنى بىلىش هەم قىلىش سىزنى تاتلىق ياشاشقا ئېرىشتۈرىدۇ، — دەپتۇ ۋە هاياجانلانغان ئانا - بالا بىر - بىرىنى مەهكەم قۇچاقلاپتۇ.

ياخشى خۇلق — چىرايلىق سۆز. ئۇنىڭدا قىزلىق هاياسى، ئاياللىق ئىپپىتى، ئادىمىيلىك بەلگىسى، بەخت جىلۋىسى مۇجەسسەم. ئەمما، ياخشى خۇلقنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپ، ياخشى خۇلقلىق بولۇشمۇ ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايالغا چىۋەرلىك، ئىرادە، ئۆگىنىش هەم ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش روهى، ئىچكى گۈزەللىك هەم كىچىككىدىن ئالغان ئانا — ئائىلە تەربىيەسى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئايالدا «كېچىش» روهى، هېسسىياتىنى ئەقىل بىلەن باشقۇرۇش روهى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كېرەك، شۇندىلا ئايالىق ئەدەپلىرىنىڭ بىر قىسمى ئادا بولغان بولىدۇ.

خۇلاسە:

هاياتلىق گويا بىر گۈلزارلىق، ئايال بۇ باغدىكى ئەڭ مېهرلىك، ئەڭ پەرۋىشكار، ئەڭ جاپاكەش باغۋەن. ئۇ گۈل تېرىسا گۈل پۇرايدۇ، چېكىسگە گۈل قىسىدۇ. گۈلزارلىقىدىن ئەلنى

سۆيۈندۈرۈپ، دىللاردا ھەۋەس ۋە ھۆرمەت قوزغايدۇ. ئەگەر ئۇ ھۆرۈن ۋە تەدبىرسىز بولسا، ئىپتىرىغا تىكەن - يانتاق ئۆسىدۇ ۋە تاپانلىرىغا سانجىلىدۇ، ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئايالنىڭ ھاياتى ۋە قىسمىتى.

## VI سودىدا ئەدەپ، ئۆزۈڭگە كەلدى نەپ

*كەمال ئەت كەسىپكىم ئالەم ئۆيىدىن،*
*ساڭا فەرىز ئولماغاي غەمناك چىقماق.*
*جاھاندىن نا تامام ئۆتمەك بەئەينى،*
*ئېرۇر ھاممامدىن ناپاك چىقماق.*

*— ئەلىشىر نەۋائىي*

يەشمىسى: كەسىپ ئۆگىنىپ ئۇنى كامالەتكە يەتكۈز. ئالەم ئۆيىدىن غەمكىن چىقماق ساڭا پەرز ئەمەس. جاھاندىن مۇرادسىز ئۆتۈش بەئەينى مۇنچىغا چۈشۈپ پاكلانماي چىققانغا ئوخشايدۇ.

سودا - سېتىق ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى چۈشىنىش، شۇنداقلا ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ تېنىنى مەئىشەت بىلەن تەمىن ئېتىپ ھۇزۇرلاندۇرۇش ئارقىلىق تەنگە ھۇزۇر - ھالاۋەت، كۈچ - قۇدرەت ۋە سۆلەت ئاتا قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان تەبىئەتكە بولغان رەھمىتنى بىلدۈرۈشكە رىغبەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل ۋاستە. سودا - سېتىقچى مانا شۇ ۋاستىچى.

ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن سودا - سېتىقچى، ۋاسىتىچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق — ئىشلەپچىقارغۇچى پەقەت ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان بولسا، سودا - سېتىقچى ئىشلەپچىقارغاننى ئېھتىياجلىق كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇ كىشىنى ماددىي نەرسە بىلەن تەمىن ئېتىشنى كەسىپ قىلىدۇ. يەنە ئىشلەپچىقارغۇچىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ،

ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. سودا ـ سېتىقچىسىز ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ تەرەققىياتىنى، سودا ـ سېتىقچىسىز ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ تەمىنلىنىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. سودا ـ سېتىقچى مۇشۇنداق قىلىش جەريانىدا ھەم تەكرار ئىشلەپچىقارغۇچىنى، ھەم ماددىي نەرسىگە ئېھتىياجلىق كىشىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىپ ئوتتۇرىدا بەلگىلىك نەپكە ئېرىشىدۇ. بۇ پايدىنى يەنە سودا ـ سېتىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كىشىلەر سودا ـ سېتىقچى ئارقىلىق كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ. ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئوخشىمىغان ماددىي نېمەتلەر شۇلار ئارقىلىق ئۆزئارا يۇرۇشۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا سودا ـ سېتىقنىڭ رولى بەكمۇ مۇھىم ۋە زوردۇر.

ھەرقانداق بىرنەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى، ھەرقانداق بىر مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بولغانغا ئوخشاش، سودا ـ سېتىقنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بولىدۇ. ئەدەپ ـ قائىدىلەر سودا ـ سېتىق جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلار كەسپىدە روناق تېپىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان. كەسپىنىڭ ئاخىرىمۇ خەيرلىك بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەدەپ ـ قائىدە چەمبىرىكىدىن ھالقىپ، نەپسى شەيتانىغا شېرىك بولۇپ، مەنمەنلىكنى، ھاكاۋۇرلۇقنى كەسپىنىڭ مەقستى قىلغانلار كەسپتە روناق تاپالماي، تاپقانلىرىنى سورۇپ تۆكۈپ، ئاخىر غۇربەتچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. ئەۋلادلىرىمۇ پېقىرچىلىقتىن قۇتۇلالمىغان.

ياخشى ئەخلاق، ياخشى نەسىھەت، ياخشى دەۋەتلەرنى ئۆزىلا ئالغلاپ قالماي، قوشنىلىرىغا، دوستلىرىغا ۋە سورۇنداشلىرىغا يەتكۈزمەك ۋاجىپتۇر. ئەگەر بىر ئادەم يامان نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، تېخى مەقستى ئىشقا ئاشماي تۇرۇپ بىرەيلەننىڭ ياخشى نىيەت ياكى ئەخلاقىي دەۋەتلىرىنى ئاڭلاپ يامان نىيىتىدىن يېنىپ قالسا، ئۇنىڭ ساۋابى يەتكۈزگۈچىگە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كەسىپ ئاۋۋال كىچىكىدىن باشلىنىدۇ، يەنى كىچىك كۆلەمدىكى سودا - سېتىق ئارقىلىق تەجرىبە - ساۋاق يەكۈنلەپ، بىلىم ئۆگىنىپ، ئاندىن كەسىپنى زورايتقان ناھايىتى ياخشى. لېكىن، ئاتا - بوۋىلاردىن تەۋەررۈك قالغان مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار. ئۇنىڭسىز سودا - سېتىق بوسۇغىسىغا قەدەم ئېلىش، بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلماسلىق سەۋەبلىك قۇرۇق قول قېلىش بىلەن باراۋەر.

## بولمىساڭ ئىللىق چىراي، ئاچمىغىن دۇكان -ساراي

سودا - سېتىقتا خېرىدارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم قائىدە، شۇنداقلا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ مۇھىم دەستۇرى بولۇپ سانىلىدۇ. سودا - سېتىقچى سودا - سېتىق ئورنىغا كېلىشى بىلەنلا ئەڭ ئاۋۋال دۇكان بولسا، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ دۇكاننى ئېچىشى، ئاندىن ياخشى بولغان تازىلىق ئادىتى بويىچە ماللىرىنى بىر قۇر چىرايلىق رەتلەپ، قېقىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، دۇكان ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، تازىلاپ، خېرىدارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى لازىم. خېرىدار دۇكان ئارىلاۋاتقاندا، ھەرگىزمۇ قولىدىن تارتىپ ئۆز دۇكىنىغا ئەكىرمەسلىكى كېرەك. خېرىدار ئۆز رازىلىقى بىلەن دۇكانغا كىرگەندە، سودا - سېتىقچى

دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشى، قانداق مالنىڭ لازىملىقىنى سورىشى، ماللىرى ئىچىدىن ئۇنى - بۇنى كۆرسىتىشى لازىم. بىرگە كىرگەنلەر بولسا، ئۇلارنى بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشى، قېرى، ئاجىز، مېيىپلار بولسا، ئولتۇرۇشقا ئالاھىدە ئورۇن راسلىشى لازىم. خېرىدار مال باھاسىنى كەم سورىغاندا ھەرگىز تېرىكمەسلىكى، سىلىق - سىپايە بولۇپ، مالنىڭ سۈپىتىنى تەكىتلىشى لازىم. خېرىدار ئۇزاپ ماڭغاندا، ئۇ مەيلى مال ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، يەنە كېلىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشى، باشقا ئورۇنلاردا كۆڭلىگە ئەرزىمىسە، يەنە كېلىشىنى سەممىيلىك بىلەن ئۆتۈنۈشى لازىم.

خېرىدار مالنى ئالسا ئۆزى ئۈچۈن، سودا - سېتىقچىنىڭ ئۈنچىۋالا قىلىپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

خېرىدارنىڭ مال ئېلىشى ئۆزى ئۈچۈنلۈكى بۇ بىر ھەقىقەت. لېكىن، سودىگەرنىڭ مالنى قولدىن چىقىرىشىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سودىگەر خېرىدارغا قوپاللىق قىلىپ، سوغۇق سۆزلەپ خېرىدارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتسە، خېرىدار ھەرقانچە ئېھتىياجلىق مال بولسىمۇ، ئۇنى سېتىۋېلىشقا رايى بارمايدۇ. قىممەت بولسىمۇ باشقا سودىگەردىن ئالىدۇكى، ھەرگىز بۇ كىشىدىن مال ئالمايدۇ ھەم يەنە باشقىلارغىمۇ بۇ كىشىنىڭ قوپاللىقىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى بۇ دۇكانغا يولىماس قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سودىسىمۇ ئاقمايدۇ، كەسپىدىن بەرىكەت قاچىدۇ، قولى قۇرۇقدىلىپ، دەسمايىسىدىن پۇتۇنلەي ئايرىلىپ قالىدۇ.

يازمىلاردىن بىر مىسال:

جەمشىد سارىيىغا يانداش دۇكاندا سالقىنلاپ ئولتۇرغانىكەن، ئادەتتىكىچە كىيىنگەن بىر خېرىدار كىرىپ، ئېسقىلىق قاما جۇۋىغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ - دە، سېتىقچىدىن ئۇنى ئېلىپ بېرىشنى

ئۈتۈنۈپتۇ. سېتىقچى خېرىدارنىڭ تەق ـ تۇرقىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، قوپال تەلەپپۇز بىلەن خېرىدارغا:
ــ باھاسى 100 تىللا، نەق سېتىلىدۇ،ــ دەپتۇ ئورنىدىنمۇ تۇرماي.
خېرىدار قاما جۇۋىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ دۇكاندىن ئۈنسىز چىقىپ كېتىپتۇ. سېتىقچى ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. لېكىن، بۇ ئىش جەمشىدكە ناھايىتى تەسىر قىپتۇ ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرگەن پېتى خېرىدارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:
ــ ئەپۇ قىلسىلا، سېتىقچى ناھايىتى قوپاللىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلىگە ناماقۇل بولىمەن،ــ دەپتۇ.
ــ بولدى ـ بولدى، ئۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئۇ جۇۋىنى پەقەت كۆرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا سورىغان، ئەسلىدىمۇ ئالغۇم يوق ئىدى، ــ دەپتۇ خېرىدار.
ــ ياق، مەن جۇۋىنى سىلىگە ھەقسىز بېرىمەن. بۇ مېنىڭ سىلىدىن ئەپۇ سورىغىنىم بولۇپ قالسۇن. يۇرسىلە، دۇكانغا كىرەيلى.
شۇنداق قىلىپ، جەمشىد قاما جۇۋىنى خېرىدارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. خېرىدارمۇ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، جۇۋىنىڭ پۇلىنى بېرىپتۇ ۋە كېيىن يەنە كېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە كارخانىدىكى بارلىق خادىملارغا كىيىم ـ كېچەك بۇيرۇتۇپتۇ. ئۇ كىشى ئەسلىدە ئەلتېرە كارخانىسىنىڭ غوجايىنى بولۇپ، زەردار ئادەم ئىكەن.
بىر سېتىقچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر خېرىدار مال ئالدىدا باراۋەر بولۇشى لازىم. ئەگەر سېتىقچى خېرىدارنىڭ كىيىم-كېچىكىگە، تەق ـ تۇرقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلسا، باراۋەرسىزلىك قىلسا، ئۇنىڭ ئاخىرىمۇ خەيرسىز بولىدۇ.

ھەربىر سودىگەر ئۆز رىزقىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەكلىك ئۆز كەسپىگە بولغان بىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خېرىدار شۇ سېتىقچىنىڭ رىزقىنى ئۆز قولى بىلەن ئالدىغا ئەكېلىپ بېرىۋاتسا، ئۇنى سىلىق گەپ بىلەن قولىغا ئالالمىغان سېتىقچى بىلىمسىز، كەسپىنى سۆيمەيدىغان، كەسپىنى بىلمەيدىغان، ئۆز قەدرىنى بىلمەيدىغان نادان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئەھمەد يەسەۋى نادانلار توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكمەتنى قالدۇرغان:

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۆمرىڭ نارى سەقەر،
نادان بارسە دەۋزەخ ئاندىن قىلغاي ھەزەر،
نادان بىرلە دەۋزەخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خازان يەڭلىغ سۇلدۇم مانا.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ سۆكۈۋاتقىنى نادان، بىلىمسىز، ئەخلاقسىز كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق نادانلاردىن ھەتتا دوزاخمۇ قاچىدۇ. شۇڭا، يەسەۋى ئېيتىدۇ: نادان بىلەن بىرگە ھەتتا دوزاخقىمۇ سەپەر قىلىشقا بولمايدۇ. سېتىقچىمۇ كەسپىدە پىششىق بولماي، نادانلىق قىلىدىكەن، يالغۇز ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپىدىكى بارلىق سېتىقچىلارنىڭ نامىغىمۇ بەلگىلىك نۇقسان يەتكۈزىدۇ. خېرىدارغا ئىللىق چىراي بولۇش، خېرىدارنى باي، كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، ھەممىنى باراۋەر كۆرۈش ئەدەپ - ئەخلاق جۈملىسىدىن. ئەدەپ - ئەخلاققا رىئايە قىلمىغان سېتىقچى بار يەردە سېتىقچىلىق قىلىشقا، ھەتتا بىردەم تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ھەزرىتى سەئدى جانابلىرى «بوستان» دا:

يامان بىلەن بولما ھەرگىز ھەمتاۋاق،
بىللە يۈرسەڭ يۇقار ساڭا يامىنى.

دېگەنىكەن.

سودا - سېتىق ئەدەپلىرى ئىچىدە ياخشى قوشنا بىلەن ھەمراھ بولۇشمۇ بىر خىل ئەدەپ جۈملىسىدىن.

سودا - سېتىقچىلىقتا مەن پالانچى بىلەن قوشنا دۇكان ئاچىمەن، پۈستانى بىلەن ئاچمايمەن دېگىلى بولمايدۇ. سودا - سېتىقتا مەيلى ئۇ كىچىك تىجارەت بولسۇن ياكى چوڭ تىجارەت بولسۇن، ھەممىسى ئەگ ئاۋۋال خېرىدارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتەك ئومۇمىي ئەدەپكە قاتتىق رىئايە قىلىش لازىم. ئەدەپسىزلىك تۈپەيلى باشقىلارنىڭ سودىسىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

سودا - سېتىق ئەدەپلىرى ئىچىدە قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرىمۇ بارمۇ؟

سودا - سېتىقتىكى قوشنىدارچىلىق ئائىلىۋى قوشنىدارچىلىقتىنمۇ مۇھىم. ئائىلىۋى قوشنىدارچىلىق بولسۇن ياكى سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقى بولسۇن، ھەممىسىگە ئورتاق بولغان مۇنداق بىر ھېكمەت بار.

ئۇ قانداق ھېكمەت؟

## قوشنا ھەققى — كىشىنىڭ ھەققى

مۇسۇلماندا مۇسۇلماننىڭ ھەققى بولغانغا ئوخشاش، قوشنىدىمۇ قوشنىنىڭ ھەققى بار. ئۇ بولسىمۇ، تۈنجى كۆرۈشكەندە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرمەك ۋە «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالام قايتۇرماق. ئۇلۇغلىرىمىز: «بىر - بىرىڭلار بىلەن سالاملىشىپ يۈرۈڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاراڭلاردا مېھىر - مۇھەببەت ئويغىنىدۇ» دېگەنىكەن. ئۆزئارا سالام

بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى دوستلۇق ۋە ئىشەنچىنىمۇ كۈچەيتىدۇ. دوستلۇق ۋە ئىشەنچ بولمىسا، سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقى بەرپا بولمايدۇ.

سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقى ئائىلىۋى قوشنىدارچىلىقتىنمۇ مۇھىم. سودا - سېتىق قىلىدىغان ئورۇن ئائىلىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن دەماللىققا بىر - بىرىدىن پۇل سوراش، خېرىدار ئۈچۈن كەم مالنى تولۇقلاش، جىددىي ئىشلاردا دۇكاننى تاقىمايلا قوشنىسىغا قاراپ قويۇشقا تاپىلاپ خاتىرجەم كېتىپ قېلىش، دۇكان ئىگىسى بولمىغاندا خالىس مال سېتىپ قويۇش قاتارلىقلاردا قوشنىدارچىلىق ئىنتايىن مۇھىم. ئائىلىۋى قوشنىدارچىلىق بۇزۇلسا، ئىككى ئائىلىنىڭ دوستلۇقى مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە مەلۇم ۋاستە ئارقىلىق ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشمەسلىكنى تونۇپ يېتىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئارازلىقنى تۈگىتىپ، ئەپلىشىپ قالغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرىدىكى زىيان ئانچە كۆپ بولمايدۇ. لېكىن، سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقىدا قوشنىدارچىلىقنىڭ بۇزۇلۇشى بىۋاستە ھالدا ئىقتىسادقا، تەرەققىياتقا، ئىستىقبالغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يامان گەپ قىلىش، ماللىرىنى كەمسىندۈرۈش، خېرىدارنى زورلاپ تارتىپ ئۆزىگە رام قىلىۋېلىش يامان ئەخلاق، ناچار خاھىش جۈملىسىدىن بولۇپ، ئىككى ئوتتۇرىدا جېدەل مۇشۇ سەۋەبلىك قوزغىلىپ، ھەر ئىككىيلەن ئۈچۈن پايدىسىز ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقى سەممىيەت، راستچىللىق، ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. ئائىلىسىدىكى ئايال جىنسىتىكى كىشىلەرگە يامان نىيەت بىلەن قاراش، سودىدا ياكى ئېلىم - بېرىمدە راست سۆزلۈك بولماسلىق،

مالنى ئالماشتۇرۇۋېلىش، سېتىۋېلىش، ئۆزئارا خىيانەتكارلىق قاتارلىق ئىللەت ۋە ئادەتلەرنىڭ بىرى سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقىدا سادىر بولىدىكەن، قوشنىدارچىلىقتا خىيانەتكارلىق بولىدۇ.

سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقىدا يۇقىرىقىلاردىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە يەنە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ خالىسلىق بىلەن ئىجرا قىلىش لازىم، يەنى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، خالىس چاي قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوشنىلارنى چاقىرىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئۆزئارا دوستلۇق كۈچىيىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزئارا چۈشىنىشمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، دوستلۇق تېخىمۇ چىڭىيدۇ.

سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىر - بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۇلۇغ خاسىيەت جۈملىسىدىن. بىراق، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ماڭا مەنپەئەت يەتكۈزسەڭ، قوشنا بولىمەن، مەنپەئەت يەتكۈزمىسەڭ، دۈشمەن بولىمەن، دەپ مۇئامىلە قىلساق، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا شەيتان بىلەن ئىمان، ئەقىدە ھەمىشە بىر - بىرىدىن ئورۇن تالىشىپ تۇرارمىش. شەيتان ئەقىدە - ئىماندىن ئورۇن تالاشقاندا، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بايلىق، مەنپەئەت ۋەسۋەسىنى سالىدىكەن. ئىمان - ئەقىدە شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن بايلىق، مەنپەئەت ۋەسۋەسىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن. مۇشۇ ماجىرادا ئادەمدە ئەقىدە - ئىمان ئاجىز بولسا، شەيتان قىلغان ۋەسۋەسە كۈچىنى كۆرسىتىدىكەن - دە، ئادەم شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، باشقىلاردىن پايدا - مەنپەئەت تالىشىپ بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلىدىكەن. ئادەم شۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا شەيتان ئورۇننى بوشىتىدىكەن، ئىمان -

ئەقىدە ئورنىغا كېلىدىكەن - دە، ئادەمگە قىلغان ئىشىنىڭ ئەسكى، يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈپ قويىدىكەن، ئادەم ئىپسىنى يىغىپ پۇشايمان قىلىدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ ئورنىغا كەلمىكى ناھايىتى تەس بولىدىكەن. بۇنى مىسال كەلتۈرۈشمىزدىكى مەقسەت، نەپسى شەيتان ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ، مەنپەئەت مۇناسىۋىتى، مەنپەئەت قوشنىدارچىلىقى، مەنپەئەت دوستلۇقى ئاخىر پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىپ مەڭگۈ دوستسىز، قوشنىسىز قالدۇرىدۇ!

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە تەمە قىلىش ھارام. كىشىلەرنىڭ ئىچىدە «تەمەگەرنىڭ گۆرى دوزاخ» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئۇلۇغ شائىر نەۋايى ھەزرەتلىرى:

ئەي نەۋايى ئالەم ئەھلىدىن تەمەسىز يوق كىشى،
ھەر كىشىدە بۇ سۈپەت يوقتۇر ئاڭا بولغاي شەرەپ.
سەن ئەگەر تەركى تەمە قىلساڭ ئۇلۇغ ئىشدۇر بۇ كىم،
ئالەم ئەھلى بارچە بولغاي بىر تەرەپ سەن بىر تەرەپ.

يەشمىسى:

ئەي نەۋايى، ئالەم كىشىلىرى ئىچىدىن تەمەسىزلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. كىمدە بۇ خۇسۇسىيەت بولمىسا، ئۇنىڭغا شەرەپتۇر. ئەگەر سەن تەمەخور بولمىساڭ، بۇ شۇنداق ئۇلۇغ ئىش بولىدۇكى، پۈتۈن ئالەمدىكى كىشىلەر بىر تەرەپ بولسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيسەن، دېگەنىدى.

تەمەخورلۇق تەييارتاپلىقتا ئىپىپ بارىدۇ، بولۇپمۇ سودا - سېتىق قوشنىدارچىلىقىدا ئۆزى تىرىشىپ يول ئاچماي، تەمەخورلۇق قىلىش، بۆلۈنۈۋېلىش سودىدىكى بەرىكەتنى قاچۇرىدۇ، تىجارەت يولىنى بوغۇپ قويىدۇ.

## توغرا سۆز ھەسەل، يالغنى پىياز

12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن، كۆزى ئەما بولسىمۇ دىلى ئاگاھ شائىر ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى: «راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز. ھەسەل يېگىن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن. يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر. بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن سۆزدۇر.» دەپ كۆرسەتكەنىكەن.

سودا ـ سېتىق ئەدەپلىرى ئىچىدە توغرا سۆزلۈك بولۇش، يالغان سۆزلىمەسلىكنىمۇ ئەدەپ جۈملىسىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

سودا ـ سېتىق ئەدەپلىرى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ھالقىلىق قائىدىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسان بۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىشى، دائىملىق ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندۇرۇشى زۆرۈردۇر. سودا ـ سېتىقتا يالغانچىلىقنىڭ زىيىنى بەك يامان. سودىگەر يالغان سۆز ئارقىلىق بىردەملىككە مېلىنى سېتىۋالغان بىلەن، تاپقان پۇلىنىڭ بەرىكىتى تەبىئىي خوراپ، سودىسى ئىلگىرى باسمايدۇ. بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، سۆزلىرىنى ئۆزئارا ئىلىك ئالماسلىق يالغانچىلىقتىن كېلىدۇ.

مالغا باھا قويۇش، تۆۋەنلىتىپ سوراپ ئېلىش ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم بولۇپ، ئالغۇچىمۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن باھادا كېلىشىپ ئالغانلىقى، ساتقۇچىمۇ ئۆزى كۆزلىگەن باھاغا چىققاندا ئاندىن ساتقانلىقى ئۈچۈن بۇ يالغانچىلىققا كىرمەيدۇ. شۇ نەرسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىمكى، مالنىڭ سۈپىتى، ئىشلەنگەن ئورنى، رەختىنىڭ ماتېرىيالى، ماركىسى قاتارلىقلاردا ساختىلىق قىلىپ ماركا ئالماشتۇرۇپ، سۈپەتتە ئاشۇرۇپ ماختىسا، مانا بۇ يالغانچىلىق جۈملىسىدىن بولۇپ، خېرىدارنى ئالدىغانلىق بولىدۇ. خېرىدارنى ئالدىغانلىق ماھىيەتتە

ئۆزىنى ئالدىغانلىق بىلەن باراۋەر.

## يالغانچىلىق ئىشەنچنى يوقىتىدۇ

سودا - سېتىقچى بىلەن خېرىدار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دائىم ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئىشەنچ راست سۆزلۈك بولۇش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش، ھەرىكىتى بىلەن سۆزى بىردەك بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئېنىق ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. سودا - سېتىقچى بىلەن سودا - سېتىقچى ماھىيەتتە خېرىدار بىلەن سېتىقچىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن سېتىقچىمۇ ماھىيەتتە يەنە مۇشۇ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بۇ ئىككىلەن ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتى راست سۆزلۈك ئاساسىغا قۇرۇلۇشى، ئىشەنچ رىشتىسى بىلەن مەھكەم باغلىنىپ تۇرۇشى لازىم. ساتقۇچى ئالغۇچىنى ئالدىسا، ئالغۇچى مۇقەررەر بۇ ئالدامچىلىقنى بىلىۋالىدۇ - دە، ئۇمۇ ساتقۇچىنى ئالداپ دەردىنى چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ يوقايدۇ.

سودا ساھەسىدە «چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەيدۇ» دېگەن بىر تەمسىل بار. بۇ دېگىنى چوڭ سودىگەرلەر تىجارەتنى يېڭى باشلىغان كىچىك تىجارەتچىلەرنى ئالداپ، قولىدىكى دەسمايىسىدىن ئايرىپ قويىدۇ، دېگەن گەپ. بۇ سۆز گەرچە ئومۇمىي سودا - سېتىقچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەرلىكتەك بىلىنگىنى بىلەن، ماھىيەتتە كىچىك بېلىق بولمىسا چوڭ بېلىق ئاۋۇيالماي، ئاخىر ئۆزى باشقا كۈچلۈك ھايۋانلارغا ياكى «كىچىك بېلىق»لار تولىمۇ سەمرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن «ئادەم» گە يەم بولۇپ كېتىدۇ. سودىگەرلەر ئارىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەتتە چوقۇم مۇشۇ ئەھۋال سادىر بولىدىكەن، چوڭ سودىگەرمۇ «چوڭ بېلىق»

قا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدۇ. شۇڭا، «چوڭ بىلىق» «كىچىك بىلىق» نى ئاسرىشى، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشى، سودىسىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

بۇنداق دېگەنلىك سودا - سېتىقچى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا رىقابەت بولماسلىقى لازىم. تىجارەت دائىرىسى كېڭەيمەسلىكى، تىجارەت تۈرلىرى كۆپەيمەسلىكى لازىم دېگەنلىك ئەمەس. تىجارەتچىنىڭ مۇھىم تەرەققىيات يولى تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تىجارەت تۈرلىرىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىشى لازىم. بىر ئىزدا توختاپ قېلىش تىجارەتچى ئۈچۈن تۈيۈق يول. مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقان گېپىم، ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلاپ، باشقىلارغا يول بەرمەسلىك، باشقىلارنى سىقىپ چىقىرىش ھېسابىغا ئۆزى يالغۇز قېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. تىجارەتتە توغرا بولغان رىقابەت كۈچلۈك بولسا، خېرىدارنىڭ قىزغىنلىقى ئاشىدۇ، خېرىدار كۆپىيىدۇ، سودىمۇ يۈرۈشۈپ كىرىم كۆپىيىدۇ.

دانالار ئېيتىدۇ: كىمكى يالغانچى ئاتىلىپ قالسا، كىشىلەر ئۇنىڭ راست سۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ راست سۆزىمۇ يالغانغا چىقىرىلغان يەردە، يالغاننى راستقا ئۆزگەرتىشى ناتايىن. يۇقىرىقى ھېكمەتتە ئېيتىلىۋاتقىنى، يالغانچى ئاتىلىپ قالغان ئادەمنىڭ يالغانچىلىقىغا ئۆزى سەۋەب بولىدى. راست گېپىمۇ كىشىلەرگە ئىلىك ئېلىنمايدۇ، يالغان سۆزى تېخىمۇ شۇنداق. دېمەك، بۇ ئادەمنىڭ ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتى بولمىدى دېگەندىن ئىبارەت.

ھەزرىتى نەۋايى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا: «سۆزنىڭ يالغانلىقى بىلىنگەندە، سۆزلىگۈچى ئۇياتقا قالىدۇ. يالغاننى راستتەك سۆزلەيدىغان سۆزمەن كۈمۈشكە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىدىغان زەرگەرگە ئوخشاشتۇر. يالغان ئەپسانىلەر بىلەن ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى

ئۇخلاۋېتىپ سۆز سۇرگۈچىدۇر. سۆزنىڭ تۈرى كۆپ، ئەمما يالغاندىن يامانراق تۈرى يوق» دېگەنىكەن.

قاراڭلار، نەۋايىنىڭ سۆز پاساھىتىگە؟! يالغان سۆزلەشنىڭ يامان ئىكەنلىكى بىلەن تەڭ، كەسپىنىكى ناتوغرا ئىستىل — كۆمۈشنى ئالتۇن دەپ سېتىشنى، ئىسلام دىنىدا مەنسۇق قىلىنغان جىنكەش - پېرىخونلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى، ئاخىرىدا يەنە مەيلى ھۈنەردە بولسۇن، سۆزدە بولسۇن، ئەپسۇنگەرلىك بولسۇن يالغانچىلىقنىڭ قەبىھ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. ھۈنەرۋەنلەرنى ساختىلىق قىلىشتىن، كىشلەرنى يالغان گەپ قىلىشتىن، ئەپسۇنگەرلەرنى يالغان ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق كىشلەرنى ئالداشتىن توسۇۋاتىدۇ.

دېمەك، مەيلى كەسىپ ئەھلى بولسۇن، مەيلى كىشلەرنىڭ كىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە بولسۇن، يالغانچىلىق بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىدۇ. ئىشەنچ يوقالدى دېگەن گەپ، شۇ ئادەمگە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسى يوق، مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن گەپ. نەۋايى ھەزرىتى مۇشۇ ھەقتە «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى مىسال كەلتۈرگەن:

بۇرۇنقى چاغدا بىر يالغانچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىگە تاسادىپىي ئوت كېتىپ، كىشلەردىن ياردەم سوراپ پەرياد چېكىپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، ياردەمگە كەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۈلگە ئايلىنىپتۇ. بۇ چاغدا بىر پاراسەتلىك كىشى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

«كىمكى يالغان سۆزنى تولا قىلسا، ئۇنىڭ راست سۆزىمۇ خەلق ئالدىدا يالغان سانىلىدۇ. ئەگەر باشقىلار ساڭا ھىمايە كۆرسەتمىگەن بولسا، ئۇلاردىن رەنجىمەي، ئۆزۈڭدىن رەنجىشىڭ كېرەك. كىمكى يالغانچى بولسا، ئۇ قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرۈپ

سۆزلىسمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.»
يالغانچىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ قەبىھ ئادەت. ئىشەنچنى قىرقىيدىغان قوش تىغ. شۇڭا، ئەجدادلار ئەۋلادلارنى راست سۆزلۈك قىلىپ تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ «يالغانچى بالا» قاتارلىق ئېسىل چۆچەك - مەسەللەرنى ئىجاد قىلغان ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

## يالغان سۆز ئىززەتنى دەپسەندە قىلىدۇ

يۇقىرىدا بىز يالغان سۆز ئىشەنچنى يوقىتىدۇ دېگەنىدۇق. كىشىلەر ئارا ئىشەنچنىڭ بولمىغانلىقى شۇ ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنىڭ، كىشىلەر ئارىسىدىكى رولىنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىشەنمەسلىك، رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىقتىن ئارتۇق ئەلەم يوق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يالغانچىلىقمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى تىكلىنىپ بولغان ئىززەتنى دەپسەندە قىلىدۇ، ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. ئىككىنچىلەپ كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇشقا ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ. مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ:
تۇلكە قاسساپلىق دۇكىنى ئېچىپتۇ. دەسلەپ ئىش باشلىغاندا خېرىدارلارغا مۇئامىلىسى شۇنداق ياخشى، دۇكانلارنىڭ ئىچى - تېشى تازا، گۆشلىرى سۈپەتلىك، كىيىنىشى رەتلىك ۋە كىيىم - كېچەكلىرى پاكىز بولۇپ، كۆرگەنلا خېرىدار ئۇنىڭ خۇش مۇئامىلىسىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭدىن سودا قىلىدىغان بوپتۇ ۋە سېتىۋالغان گۆشىدىن رازى بولۇپ بىر - بىرىگە تۈلكىنىڭ سودىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن گۆش سېتىۋېلىشقا رىغبەت بېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈلكىنىڭ خېرىدارى ئاۋۇپ، سودىسىمۇ يۈرۈشۈپ، تېزلا بېيىپ شەھەردىكى داڭلىق قاسساپقا ئايلىنىپتۇ. كىرىمى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ

قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ - دە، بىر قوي گۆشىگە بىر ئۆچكە گۆشىنى ئارىلاشتۇرۇپ سېتىپ، تېخىمۇ بېيىشقا باشلاپتۇ. خېرىدارلار تۈلكە قاساپنىڭ ئۆچكە گۆشى ساتمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، گۆشتىن گۇمان قىلماي دەسلەپتە بىلمەي ئۆچكە گۆشىنى تالىشىپ سېتىۋاپتۇ. كېيىن ئۆچكە گۆشى ئۆيدىكى چوڭلارغا ۋە بەزى تېنى ئاجىزلارغا ماس كەلمەي، ئۇلارنىڭ ئىچى سۈرۈپ، ماغدۇرىنى ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر گۆشتىن گۇمانلىنىپتۇ. ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ قارىسا، ئۇلار سېتىۋالغان گۆشنىڭ ئۆچكە گۆشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خېرىدارلار تۈلكىنىڭ قاساپلىق دۇكىنىغا بارماس بولۇشۇپتۇ. بۇنى بىلىپ قالغان تۈلكە قوينىڭ قۇيرۇق يېغىنى ئۆچكىنىڭ ساغرىسىغا چاپلاپ، ناھايىتى سېمىز قوي گۆشى قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. خېرىدارلار: «تۈلكە قاساپ ئەمدى چۆچۈگەن ئوخشايدۇ، بوپتۇ، ئەمدى شۇنىڭدىن گۆش سېتىۋالايلى» دەپ، يەنە تۈلكە قاساپنىڭ دۇكىنىغا كېلىشىپتۇ، لېكىن گۇمانلىنىپ:

— تۈلكە ئۇستام، گۆشلىرى قوينىڭكىدۇ - ھە؟ — دەپ سورايدىغان بوپتۇ.

مۇشۇنداق ۋاقىتتا تۈلكە قاساپ دەرھال بىر قولى بىلەن تۇمىقىنى تۇتۇپتۇ- دە:

— قەسەم قىلىمەن، بۇ راست قوينىڭ، — دەپ توۋلاپتۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭ قەسەم قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىپ، گۆشنى سېتىۋاپتۇ. بىراق، گۆشنى ئىشلىتىپ كۆرسە، يەنىلا ئۆچكىنىڭ **گۆشى** بولۇپ چىقىپتۇ. كىشىلەر گۇمانلىنىپ:

— ۋاي، تۈلكە قاساپ قەسەم قىلىۋاتاتتى، ئۇ قەسەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قەسەمنىڭ قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆرە تۈلكىنىڭ ھىيلىسىنى خېرىدارلارغا

ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— كۆرمىدىڭلارمۇ، گۆشتە لىغىرلاپ تۇرغىنى قوينىڭ ئەسلىي قۇيرۇقى ئەمەس، بەلكى ئۆچكىنىڭ سېنىغا چاپلانغان قۇيرۇق، ئىشەنمىسەڭلار سىناپ بېقىڭلار، — دەپتۇ ئىشەنچ بىلەن.

بۆرىنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولغان خېرىدار بىر سان گۆش سېتىۋالماقچى بولۇپ، تۈلكە قاسساپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— ھەقاچان قۇيرۇق ياغ بىلەن خۇشلىرى يوق، ھازىر ھەممە كىشى ياغدىن قاچىدىغان بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ قوي يېغى قاندىكى ماينى ئاۋۇتۇپ، قاننى قاتۇرۇپ قويىدىكەن. مەن سىلىگە ئېيتسام، پالەچ بولۇپ قېلىش، تىلى تۇتۇلۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قۇيرۇق ياغنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقتىن بولىدىكەن. ئەمىسە، سىلىگە مۇشۇ ياغنى پاكىز ئېلىۋېتىپ، مۇشۇ قاپقارا ساغرىنى چىقىرىپ بېرەيمۇ، — دەپتۇ ۋە پىچاقنى ئېلىپ قۇيرۇقنى كېسىشكە تەمشىلىپتۇ.

— بولدى، مەن قۇيرۇق بىلەنلا ئالىمەن، — دەپتۇ خېرىدار .

— ھېچ بولمىسا، قۇيرۇقنى ئاجرىتىۋېتەي، ئۆيدە خانىم ئاۋارە بولمىسۇن دەيمنا؟!

— ياق، بولدى، مۇشۇنداق ئېلىۋېرىمەن، — دېگىنىچە خېرىدار سان گۆشنى تۈلكە قاسساپنىڭ قولىدىن ئېلىپ تارازىغا قويۇشىغا، قۇيرۇق ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ - دە، ئۆچكىنىڭ ئەسلىي سېنى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قاپتۇ.

— نېمە گەپ بۇ؟ قۇيرۇق ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ كېتىۋاتىدۇيا؟— دەپتۇ خېرىدار.

— ھېچ گەپ يوق، مېۋە پىشسىمۇ شېخىدىن ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ. قوي زىيادە سەمرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قۇيرۇقمۇ ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ كەتكەن گەپ.

— ھە، مۇشۇ چىش كولىغۇچ دەرەختە بولغان مېۋە ئىكەن-دە، تۈلكىجان، — دەپتۇ خېرىدار قۇيرۇقنى سانغا سانجىشتا ئىشلەتكەن چىش كولىغۇچلارنى كۆرستىپ تۇرۇپ.

تۈلكە زۇۋان سۈرەلمەپتۇ. خېرىدار دۇكاندىن چىقىپ، بولغان ئەھۋالنى باشقا خېرىدارلارغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان خېرىدارلار تۈلكە قاسساپنىڭ ھىيلىگەرلىكىدىن سەسكىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا قوي گۆشى دەپ ئۆچكە گۆشى سېتىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ.

— سىلەر ئالدانىدىڭلار، — دەپتۇ بۆرە، — ئۇ سىلىگە «بۇ چوقۇم قوينىڭ» دېگەن ۋاقتىدا بىر قولىدا تۇمىقىنى تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلار ياكى ئۇنىڭغا سەپسالمىدىڭلار. ئۇ ئاغزىدا «بۇ راست قوينىڭ» دېگىنى بىلەن، بىر قولىدا تۇمىقىنى تۇتقان. تۇماق تېرىسى قوينىڭ بولماي نېمىنىڭ ئەمسە؟ سىلەر ئويلايسىلەر گۆشنى قوينىڭ گۆشى دەۋاتىدۇ دەپ، لېكىن تۈلكە قاساپ ئويلايدۇ «تۇماق قىلغان تېرە قوينىڭ» دەپ. شۇنداق قىلىپ، قاسساپ گۇناھقا شېرىك بولۇشتىن ساقلىنىۋالدى، سىلەر ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشى دەپ سېتىۋېلىۋەردىڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلمىدىڭلار.

— تۈلكە قاسساپ ھەقىقەتەن ئالدامچى، يالغانچىكەن. ئۇنى يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك، — دېيىشىپتۇ خېرىدارلار ۋە ئۇزاققا قالماي تۈلكە قاسساپنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئالدامچىلىقتا ئۇچىغا چىققان يالغانچى تۈلكە قاسساپ تاپقانلىرىنى مۇساپىرچىلىقتا سورۇپ تۈگىتىپ، ئاخىر زەبۇنلۇقتا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. ئۇنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ.

سۆزىمىزگە مىساللاردىن دەلىل ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب،

سودا ـ سېتىقچىلار مۇشۇنداق ئىشلاردىن چوقۇم خالىي بولۇشى لازىم. بۇ ئىبرەتلىك ھېكايە ھەربىر سودا ـ سېتىقچىغا ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ. قاسساپلارغا تېخىمۇ شۇنداق. ئىشەنچ ئۈستىگە تىكلەنگەن ئىززەت ـ ھۆرمەت ئادەمنىڭ كەسپىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىنىمۇ ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئاخىرى خەيرلىك بولۇپ، ئەۋلادلىرى روناق تاپىدۇ.

## تەكەببۇرلۇق شەيتاننىڭ ئىشى، مەنمەنلىك نادانىنىڭ ئىشى

نەۋايى ھەزرەتلىرى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا، كەمتەرلىك ئۇرۇقىنى چاچقان كىشى چاچقان بۇ دان ھېسابىغا گۆھەردىن ھوسۇل ئالىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىكەن. «كەمتەرلىك ئۇرۇقى» دېگىنىمىز، ئۆزۈڭدە بار كەمتەرلىك خىسلىتىڭنى ئەمەلدە كۆرسەن، باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ كەمتەرلىكنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتى قىلىدۇ، دېگەن گەپ ياكى باشقا تەرەپتىن ئېيتساق، كەمتەرلىكنى ئۆزۈڭ جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، باشقىلارغىمۇ سۆز ئارقىلىق، ئەمەل ئارقىلىق ئۆگەت، ئۇنىڭ دەرىجە ـ ئىنئامىنى تېزلا كۆرسەن، دېگەن گەپ.

سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا كەمتەرلىك قۇشنىڭ قانىتىغا ئوخشايدۇ. قاناتسىز قۇش ئۇچالمىغانىغا ئوخشاش، كەمتەرلىكنى ئۆزىگە ئادەت قىلمىغان ھەرقانداق سودىگەر ھاكاۋۇرلۇقى تۈپەيلى سودىدا دۇم چۈشىدۇ. تەبىئەت ئاتا قىلغان نەرسىنى يەنە ئېلىۋالالايدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت.

ھەرقانداق بىر پېشكەللىكنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزىمىز. سودا ـ سېتىقتا ئاز ـ تولا پۇل تاپتىم دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى مەنسىتمەي، كۆزگە

ئىلماي، سودىسىنى بوغۇپ قويۇش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزنىڭ پۇتىغا ئىشكەل بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتساق، ئازغىنە پۇل ياكى مال بىلەن ماختىنىپ، كەلگەنلا يەردە ئۆزىنى داملاپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. مەن پۇل تاپتىم، يۈز تاپتىم، ئابرۇي تاپتىم، دەپ ئۆزىنى ماختاشتىن باشقىنى بىلمىگەن كىشى بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى بارلىقىنى ئۇنتۇغان، قولىدىكى پۇل، ئۆزىدىكى ئابرۇي، ئامبىرىدىكى مالنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇغان ئادەمدۇر. ئادەمنىڭ خىيالىدىكى ئابرۇي - ئىززەت، قولىدىكى پۇل، ئامبىرىدىكى مال شامال توزۇتقان تۇپراققا ئوخشايدۇ. شامال ئەنە شۇ تۇپراقنى سورۇپ، زېمىننىڭ باشقا بىر چېتىگە توزۇندا سۈپىتىدە چۆشۈرىدۇ. ھايال ئۆتمەي ئۇ يەردىن يەنە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۈنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ. توزان ئۇ يەردىمۇ تۇرمايدۇ.

ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئانىسى غەپلەت، غەپلەت ئىمان - ئېتىقاد بار يەردە تۇرالمايدىغان بولغاچقا، ئىلىمدىن شام - چىراغ ياقمىغان قاراڭغۇ دىللارنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ماكانى قىلىدۇ. ئەنە شۇ يەرگە ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، ھەر خىل ناز - كەرەشمە گۈللىرى بىلەن ئۇ يەرنى ئاۋات قىلىدۇ. ئابرۇيغا، يۈزگە، پۇلغا، مالغا كۆڭۈل باغلىنىدۇ. مەن ئېيتسام، ئالەم ئۆمۈرگە ئوخشاش بىۋاپا. ئۇنىڭ راھىتىگە ئىشىنىپ ئەنە شۇ مەنمەنلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئەسلىي مەنىسىدە غەپلەت جۈملىسىدىن. غەپلەتنى پەقەت دىلدىكى ئاگاھلىق، سەزگۈدىكى سەگەكلىك يېڭەلەيدۇ. كەمتەرلىك ئۇنىڭ پېيىنى قىرقىيدۇ. كىمنىڭ قەلبىدە ئاگاھلىق ۋە سەگەكلىك بەرقارار بولىدىكەن، ئۇ ھاكاۋۇرلۇق ۋە غەپلەتتىن خالىي بولىدۇ. قەلب ئۆيى پاكلانغانىكەن، ئۇنىڭدىن ئىلىمنىڭ نۇرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئىلىمسىزلىكنىڭ مەنبەسى نادانلىق. نادانلىق ھەم

ھاكاۋۇرلۇق، ھەم مەنمەنچىلىك ئۇرۇقنى چاچقۇچى مەنبە. ئۇ غەپلەتكە ھامىي بولۇپ، ئىنسانىي ھەمىشە يامان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ. ئىلىم ئىگىلىگەن ئادەم نادانلىقتىن خالىي بولىدۇ. نادانلىقتىن خالىي بولغان ئادەم ھەممە ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلىدۇ. ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، ئاقىۋىتى خەيرلىك بولىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساسانىيلار دەۋرىنىڭ مەشھۇر خاقانلىرىدىن بىرى خىسراۋ پەرۋىز شىكارغا چىقىپ، ئوۋ قىزىقچىلىقىدا شاھلىق تاجىدىن بىر تال گۆھەرنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەرسىز قاپتۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، گۆھەرنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، پۈتكۈل خەلقنى يىغىپ، گۆھەرنى تېپىۋالغۇچىغا نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ. تەمە ئىشقىدا نۇرغۇن ئادەم ۋە پادىشاھ بىلەن ئوۋغا چىققانلار ئوۋ مەيدانىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ.

ئارىدا ئىككى كىشى كېلىپ، گۆھەرنى ئىزدىگۈچىلەرگە قوشۇلۇپتۇ. بۇلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر بولۇپ، ناھايىتى گالۋاڭ، نادان ۋە ئۆزۈمچىل كىشى ئىكەن. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇخبىل بولۇپ، سەزگۈر، كەمتەر ۋە ئەدەپلىك كىشى ئىكەن. بۇ ئىككىيلەن گۆھەر ئىزدەش مەقسىتىدە جامائەتنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەپتۇ. مۇدبىر بولسا، تەكەببۇرلۇق بىلەن كىشىلەرگە قاراپمۇ قويماستىن، ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. مۇخبىل بولسا، كەمتەرلىك بىلەن جامائەتكە سالام بېرىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا يېرىمى توپىغا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ھېلىقى جامائەتنى باشلاپ چىققۇچىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇلار خۇشال ھالدا شەھەرگە قايتىپ مۇخبىلنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھ تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغاندىنمۇ كۆپ مال - دۇنيا

ئىنئام قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يولدا بىرگە ماڭغان دوستى مۇدبىر تەكەببۇرلۇقىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئۆمرىمۇ گادايلىق، موھتاجلىقتا ئۆتۈپتۇ. مۇخبىل بولسا، كەمتەرلىكى تۈپەيلى پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ كۆڭلىرىنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ.

مىسالدىكى ئىككى ھەمراھ ماڭغان يول مۇقەررەركى تۇرمۇش يولى. ئېرىشكەن بايلىق ۋە تارتقان جاپا - مۇشەققەت ئۆز مەقسىتىگە يارىشا ئېرىشەلىگەن ئىنئامدىن ئىبارەت.

مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دا كەمتەرلىكنىڭ خاسىيىتىنى شەرھلەپ: «تەۋەززۇنىڭ مەنىسى ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش (كەمتەر بولۇش) دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ توغرىدا ھەدىستىمۇ «مەن تەۋەززۇ ئەرەفىيئۇللاھى» يەنى كىمكى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن (كەمتەر) تۇتسا، ئۇنىڭ دەرىجىسى چوڭ بولىدۇ، دېگەنىدى.

نەزەر ئىبنى ئەھمەد سامانىيلار خانىدانلىقى تەختىدە ئولتۇرغاندا ئوغلىغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن:

— ئەي يۈرەك پارەم ئوغلۇم، ئەگەر سەن مېنىڭ بىسيار مۇشەققەتلەر بىلەن ئەزىز ئۆمرۈمنى سەرپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن مەملىكىتىم مەندە تۇرسۇن دېسەڭ، ئىلاج ۋە تەدبىر شۇكى، خەزىنىگە ئىشەنچ قىلما، چۈنكى مال - دۇنياغا زاۋال يەتكۈسىدۇر. لەشكەرلەرگە ئىشەنمە، چۈنكى ئۇلار خىزمىتىڭدە باقىي (ئەبەدىي) تۇرالماس.

مەملىكەتنىڭ (پادىشاھلىقنىڭ) ئاۋاتلىقىغا مەغرۇر بولمىغىن. چۈنكى، ئۇلار ئاخىر ۋەيران بولىدۇ، كەرەم قىلماققا مەشغۇل بولغىن، تەۋەززۇ (كەمتەرلىك) نى (ئۆزۈڭدىن) كەم قىلما. كەرەم ۋە تەۋەززۇ كۆڭۈللەر قۇشىنى ئوۋلاشتىكى ئىككى دامدۇر. ھەركىم شۇ ئىككى دامنىڭ بىرىگە ئىلىنسا، بوشىنىشقا ئىلاج بولمايدۇ.

سۆز مۇختەسەر، ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىك ئادەمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، قۇدرەتلىك سامانىيلار شاھى سەلتەنەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا بايلىققا ئىشەنمىگەن يەردە، بىر سودىگەرنىڭ قولىدىكى مال - دۇنيا قانچىلىك بىرنىمە بولماقچى؟ ئۇ نىمىگە يارىشى مۇمكىن؟ سۆيۈنۈشكە نىمە ھەددى بولسۇن؟

تازا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلىدىغان بولساق، نەزەر ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتى پۈتكۈل ئاۋامغا قىلىنغان نەسىھەت. سودا - سېتىقچىلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت. كەرەم ۋە تەۋەززۇدىن ئىبارەت ئىككى دامغا ئادەم مەھكەم باغلىنىپ تۇرسا، ھېچقانداق يامان ئىشقا رايى بارمايدۇ. مۇشۇ ھېكمەتلەرنى بايان قىلىشتىن سەل ئىلگىرى بىر سۆھبەتدىشىم مۇنداق بىر ھېكايەتنى سۆزلەپ بەردى:

يۇرتىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن بىر سودىگەر باينىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىدى. باللار گەرچە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ دادىسى باشلىغان تىجارەت يولىنى بويلاشتى. خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا، بىردەملىك ئىش ئىكەن. باللار دادىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى، ھەربىرىنىڭ ئىشلارنى ئەقىل بىلەن قىلىشى نەتىجىسىدە زەردارلاردىن بولۇپ، داڭقى خېلى يەرلەرگىچە تارقالدى. بىر كۈنى مەھەللىدىن يىراقراق بىر مەھەللىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە ھېلىقى باينىڭ بىر بايۋەچچىسى بىلەن بىللە كىرىش نېسىپ بولۇپ قالدى. تۇل خوتۇننىڭ كىرىمى يوق، پەرزەنتلىرى كىچىك بولغاچقا، قولى ئانچىمۇ ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. داستىخان ھازىرلاشقا تۇتۇندى، توسساق زادى ئۇنىمىدى. كۆڭلى رەنجىپ قالمىسۇن دەپ مەيلىگە قويدۇق. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ داستىخانغا 5 — 6 دانە زاغرا بىلەن بىر چەينەك چاي كەلتۈردى. بايۋەچچە ھېچبىر

تارتىنمايلا ھېلىقى زاغرىدىن بىرنى چىنىگە چېلىدى ـ دە،
ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىچىپ بولدى. شۇ جەرياندا مەن ئۇ ئايال
بىلەن بولغان مۇئامىلەمنى تۈگەتتىم. دۇئادىن كېيىن بايۋەچچە
يانچۇقىدىن 20 يۈەن چىقىرىپ، داستىخانغا قويدى ۋە تەۋرزۇ
بىلەن:
ــ زاغرىلىرى بەك ئوخشاپتىكەن، كۆڭلۈمگە شۇنداق ياقتى،
سىلىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت! ــ دېدى.
ــ ۋاي ماختىغانلىرىغا كۆپ رەھمەت بالام، ئەگەر سىلىگە
ئەرزىگەن بولسا، بىر تونۇر يېقىپ ئەۋەتەي بالام، ــ دېدى تۇل
خوتۇن.
ــ رەھمەت، ئۆزلىرى پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن. ئاۋارە
بولمىسىلا، ــ دېدى بايۋەچچە.
شۇنداق دەپ بىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتۇق. يولدا ماڭغاچ:
ــ ئاداش، زاغرا بىلەن ئانچە ئېپىڭلا كېلىشمەيتتى، ئىشتىھا
بىلەن يەپ كەتكىنىڭلىنى ئاز دەپ، ئەجەب ماختاپلا
كەتتىڭلىيا، ــ دېدىمەن.
ــ ئادەمنىڭ كۆڭلى نازۇك بولىدۇ، ئەكەلگەن نېنىغا ئېغىز
تەگمىسەم، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى دەپ كۆڭلى رەنجىپ قالارمىكىن
دەپ ئويلىدىم. تۇرمۇش ئەھۋالىغا قاراپ ئاز ـ تولا ياردەم
قىلايمىكىن دېسەم، مېنى كەمبەغەل، پەس كۆردى دەپ تېخىمۇ
رەنجىپ قالارمىكىن دېدىم. شۇڭا، ئىككى ئىشنى بىر دودىلا ھەل
قىلدىم، ــ دېدى.
ــ ئەقىللىك ئادەمنىڭ ئىشى يەنە باشقىچە بولىدىكەن. مەن
بۇ تەرىپىنى ئويلاپ يەتمەپتىمەن، ــ دېدىم ئۇنىڭغا.
بىز باشتىلا دەپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، بەزى تىجارەتچىلىرىمىز
ئازغىنە دەپىنە ـ دۇنياغا ئېرىشىپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان،
كىشلەرنى قالايمىقان چاقىرىدىغان ئادەت ھازىرغىچە مەۋجۇت. بىر

كۈنى بازاردا كېتىۋاتسام، دۇكاندا ئولتۇرغان بىرەيلەن يۇقىرى ئاۋازدا:

— ھەي سۇپۇرگە، ھەي سۇپۇرگە! — دەپ توۋلىدى.

مەن ھەيران بولۇپ «سۇپۇرگە ئىسىملىك ئادەمنى چاقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ كېتىۋېرىپتىمەن. ھېلىقى دۇكاندار دۇكىنىدىن چىققىنىچە ئالدىمدا بىرقانچە باغلام سۈپۈرگىنى يۆدۈپ كېتىۋاتقان سۈپۈرگە ساتقۇچىنى تارتقۇشلىغانچە ئاچچىق بىلەن:

— نېمانداق توۋلىسام قارىماي ماڭىسەن؟ سۈپۈرگەڭدىن ئالاي دەۋاتىمەن، — دېدى قوپاللىق بىلەن.

— خاپا بولمىسىلا غوجام، مېنىڭ ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىم ساۋۇت ئاخۇن، سۈپۈرگە ئەمەس، مېنى خاتا تونۇپ قالللا، — دېدى سۈپۈرگە ساتقۇچى.

— نېماندداق ئاتىكاچا بىرنېمە ماۋۇ؟ ھوي، ساتالمىغان سۈپۈرگەڭدىن بىرنى ئالاي دەپ ئاتايىن كەلگىنىمگە نېماندداق سېسىق گەپ قىلىسەن؟ مەن بىرنى ئالمىسام كىم ئالىدۇ بۇ بىرنېمەڭنى، قانداق نېمە ماۋۇ؟ — دېدى دۇكانچى.

— سىلىگە ئوخشاش توۋلاپ ساتمىدىم، يۆدۈپ يۈرۈپ خالىغانلارغا، ئېھتىياجى بارلارغا ساتتىم. ئەسلىي سېسىق گەپنى سىلى قىلىپ، نېمانداق توۋلايلا ماڭا؟! ئۆزلىرىنى بىلىپ يۈگۈرۈپ كەلسىلە جۇما؟ دۇكاندا ئولتۇرغان ئادەم يوغان ئادەم ئەمەس، ماڭا قىلىدىغان باشقا گەپلىرى بارمۇيا؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە شىللىسىدىكى سۈپۈرگىنى يەرگە قويدى. ئەلپازىدىن قارىغاندا ئىشتا پىشقان قوللىرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى باردەك قىلاتتى. ئاخىرقى كىشىلەر گۇررىدە ئولىشىپ، دۇكاندارنى دۇكىنىغا تارتتى، دۇكاندار ئاچچىقىدىن يانماي:

— سەندەك قەلەندەردىن سۈپۈرگە ئالمىسامۇ، سۈپۈرگە

دېگەن جىق! ــ دېدى ئاچچىق بىلەن. سۇپۇرگە ساتقۇچىمۇ بوش كەلمەي:

ــ سەندەك «قوڭامدا ئىشتىنىم يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى» گە سۇپۇرگە ساتقۇچە، مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەناۋا! ــ دېدى بوش كەلمەي.

ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مانا شۇ مەنمەنچىلىك بىلەن باشلاندى. دۇكاندار ئۆزىنى پايلىماي شىلتىڭ ئېتىۋىدى، سۇپۇرگىچىمۇ بوش كەلمەي ئۇنى پالازغا يۆگەپ قويدى. تۇرمۇشتا مۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ سودا ـ سېتىقچىلار ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ. هارۋا ھەيدەپ ماڭغان ئادەمنى «ھەي، هارۋا!» دەپ تووۋلايدىغان، ئۆزۈنىراق تۇماق كىيىپ ماڭغان ئادەمنى «ھەي، پىپى تۇماق!» دەپ چاقىرىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن، تازا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلسا، بىرەر خېرىدارنىڭ دوپپا ـ تۇماق ساتىدىغان ئادەمنى «ھەي دوپپا» ياكى«ھەي تۇماق!» دەپ، ئاشپەزلەرنى بولسا، «ھەي سامسا» ياكى «ھەي لەغمەن» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمىدۇق. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ھەمىشە «ئۇستام» دېگەن گەپ چۈشمەيدۇ.

دېمەك، سودا ـ سېتىقچىلار ھاكاۋۇرلۇقنى ئۆزى قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۆز قولى بىلەن پۇل ئەكېلىپ بېرىۋاتقان خېرىدارلارغا ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك قىلىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا خېرىدارىدىن ئايرىلىپ، سودىسى يۈرۈشمەيدۇ. ئۆز قولى بىلەن تەرەققىيات يولىنى بوغۇپ، ھالاكەت يولىنى ئاچىدۇ. زىيادە پىخسىقلىق قىلىپ، بېخىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ. خېرىدارغا ئىللىق چىراي بولغان، قوشىنىدارچىلىق ھەققىنى مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى ۋىجدانىي نۇقتىدىن چۈشەنگەن ۋە ئىجرا قىلغان، توغرا سۆزلۈك بولغان، يالغانچىلىقتىن قاتتىق ساقلانغان، تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىك قىلماي خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان سودا ـ

سېتىقچىلارغا خۇدا ھىممەت قولىنى سېخىيلىق بىلەن ئاچىدۇ، لېكىن شۇ بىرنەرسە بار، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئەجىر - مېھنەت ۋە ئەقىدە ھېسابىغا بىر جايغا توپلانغان بايلىقنى سوپۇن كۆپۈكىدەك بىردەمدىلا يوق قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا بايلىقنى «مېنىڭ» دېگۈچىلەرنى ھاياتىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ.

## بېخىللىق ۋە ئىنسابسىزلىق

سودا - سېتىق دائىرىسىدە بېخىللىق سودا يوللىرىنى بوغقۇچى چىركىنلىك جۈملىسىدىن. سودا - سېتىقتا قىل ئۇستىدە تىك تۇرۇش لازىم دەيدىغان گەپ بار. لېكىن، ئۇ ھەممە نەرسىدە بېخىللىق قىل دېگەن گەپ ئەمەس. قىل ئۇستىدە تىك تۇرۇش دېگىنى، سودىدىكى ھېسابتا چىڭ تۇر دېگىنى. ھەرقانداق سودىدا ئېلىش تاپمىسا، سېتىش تاپمايدۇ دېگەن گەپ بار. دېگىنى: لايىقىدا ئېلىپ، لايىقىدا سات دېگەن گەپ. مۇشۇنداق چىڭ تۇرغاندا، قىل ئۇستىدە تىك تۇرغاندا. سودا يولىنى كېڭەيتكىلى، مەبلەغنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. كىرىم كۆپەيگەنكەن، بايلىقمۇ ئاشىدۇ. بىز دېمەكچى بولغان بېخىللىق مانا شۇ جۇغلانغان بايلىقتىن ئاجىز، غېرىبلارغا، خىيش - ئەقرىبالارغا مۇۋاپىق ياردەم ھېسابىدا ئايرىپ تۇرۇش ياكى ئايرىماسلىقتا قارىتىلغان. پېخسىقلىقى زىيادىلىشىپ ئېھسان ئازلىسا، بايلىقنىڭ شۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش ۋاقتىمۇ سائەتسېرى قىسقىرىپ ماڭىدىكەن. ئەكسىچە سېخىيلىقى زىيادىلىشىپ، پېقىر، يېتىم - يېسىرلەرگە قىلىنغان ئىنئام - سوۋغاتلىرى كۆپىيىدىكەن، بايلىقنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان ۋاقتى ئۇزىرىپلا قالماستىن، بەلكى قىلغان سېخىيلىقى ۋە ئىنئامى ئۇچۇن بىرگە ئون ھەسسىدىن بايلىق قوشۇلۇپ ماڭىدىكەن.

بېخىللىقنىڭ بىر تەرىپى خەسىسلىككە تۇتىشىدۇ. خەسىسلىك (ئاچ كۆزلۈك) ئىنساننى ئىنسان ئارىسىدىن قوغلايدىغان، ئىنساننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان بەكمۇ يامان ئىللەت. ئەخلاقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئەخلاق چەمبىرىكىدىن ھالقىپ پۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان ئادەم پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشتىن يانمايدۇ. بۇ ھال سودا - سېتىق ساھەسىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلالايدۇ، مەنپەئەت ئۈچۈن يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ۋە ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتقىلا يارىيالىشى مۇمكىن. ئادەمدە خەسىسلىك قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، رەھىم - شەپقەت شۇنچىلىك ئاجىز بولىدۇ. نەۋايى ھەزرەتلىرى دۇردانىلىرىدە: «بېخىلنىڭ بۈگۈن تاپقىنى ئەتە ئۈچۈن يىغىلغاي، ئەمما ئەتە ئۇنىڭ قەبرىسى بۈگۈنكى تۇرمۇشىدەك قاراڭغۇ بولغاي» دەپ كۆرسەتكەنىكەن.

تەبىئەت ئاتا قىلغان بايلىق شۇ كىشىنىڭ قولىدا سىناق تەرىقىسىدە تۇرغانىكەن، مال ئىگىسى تىرىكلىكىدە سېخىيلىق بىلەن كىشىلەر كۆڭلىنى شاد قىلمىسا، ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنى ياد قىلمايدۇ. خەير - ساخاۋەت ۋە ئېھسان ئىنسان ھاياتلىقىدىكى ياخشى ئادەتتۇر. مال يىغىپ يېمىگەنلەر ياكى ئۆزگە يارىشا ئورۇنغا ئىشلەتمىگەنلەر بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يوق دېيەرلىك. ئەقىل ئىشلەتكەندە، پەرقنىڭ چوڭلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەنىۋى بايلىق بىلەن ماددىي بايلىق ئەسلىدە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. لېكىن، ئەقلى كەملىك بىلەن يىغىلغان بايلىق، جايىدا ئىشلىتىلمىگەن بايلىق مەنىۋى كەمبەغەللىك بولۇپ، ماددىي كەمبەغەللىكتىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن تۇرىدۇ.

نەۋايى ھەزرەتلىرى: «پەس، ھىممەتسىز كىشى يىغىپ، سەرپ قىلىشنى ئەيىب كۆرىدۇ» دېگىنىدە، بېخىللىقنى قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى. ئۇ يەنە «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا، «بېخىل ئەگەر تۈگۈنچىكىنى ئاچسا، يەنە ئېچىشتىن ئەنسىرەيدۇ. بۈگۈن ياكى ئەتە ئاچاي دەيدۇ - يۇ، ئۇنىڭغا يەنە بىر تۈگۈن تۈگىدۇ. ئۇنىڭ تۈگۈنچىكىنى ئاچماقلىقى تارقاتماق ئەمەس، بەلكى يەنە بىرنەرسە قاتماق ئۈچۈندۇر. ئۇ يىغقان دەرھەملىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشنى خوپ كۆرمەيدۇ، چۈنكى دەرھەم قانچە كۆپ بولسا، تۈگۈنلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئاچىدىغان بولسا، باشتىن - ئاياغ تۈگۈلگەن تۈگۈنلەرنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىردىن تۈگۈن سالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئېھسان ئۇلۇغ سۈپەتلەر ئىچىدىكى ئاجايىپ بىر سۈپەتتۇركى، ئۇ ئادەم جىنسىنىڭ بارلىق ياخشى سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېھسان بارلىق سۈپەتلەر جاۋاھىرلىرىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، باشقا ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئېھساندىن تېپىلىدۇ. نەۋايى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا مىسال كەلتۈرۈپ: «بېخىل جەننەتكە كىرمەس، ئەگەرچە قۇرەيشنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولسىمۇ، سېخىي دوزاخقا كىرمەس، ئەگەرچە زەڭگى قۇل بولسىمۇ» دېگەنىكەن.

بېخىللىق بىلەن ئىقتىسادچانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. بېخىللىق يامان ئىللەت جۈملىسىدىن بولسا، ئىقتىسادچانلىق ئەكسىچە ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر. سودا - سېتىق ساھەسىدە ئىقتىسادچانلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ، سودا يولىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئۆزىگە سېخىيلىقنى كەسىپ قىلغان بولسا، تىرىشچانلىقى ھېسابىغا جۇغلانغان مال - مۈلۈكنىڭ ئۈستىگە سېخىيلىقى ھېسابىغا كەلگەن مال - مۈلۈك قوشۇلۇپ سودىسى تېخىمۇ يۈرۈشىدۇ، بايلىقى ئاۋۇيدۇ. ئاۋۇغان بايلىقنى ئۇ «مەن

تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق تونۇپلىدىم» دەيدۇ. لېكىن، سېخىيلىقى ئۇنىڭدىكى مۇھىم ئامىل. ئىقتىسادچىل ئادەم ھەم مەنىۋى جەھەتتىن، ھەم ماددىي جەھەتتىن باي ئادەمدۇر. ئىقتىسادچىل ئادەمدە تىرىشچانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى قىزغانچۇقلۇق پەقەتلا يوق بولىدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادچىللىق پاراۋانلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ھەمىشە يولۇققا شولا چېچىپ تۇرىدۇ.

ئىنساب ــ كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدىغان، بايلىقنى زىيادە قىلىدىغان، ھۆرمەت ئۈستىگە ھۆرمەت ئاتا قىلىدىغان ئېسىل ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر. ئىنسابلىق ئادەم دىيانەتلىك كېلىدۇ، ئىنسابسىز ئادەمنىڭ قولىدىن ھەربالا كېلىدۇ. سودا ـ سېتىق ساھەسىدە ئىنساب ھەممىدىن مۇھىم. مەسىلەن، ئاشلىق، يېمەكلىك، سالامەتلىك بۇيۇملىرىنىڭ مەزگىللىك قىسلىقى تۈپەيلى باھانى زىيادە ئۆرلىتىۋېلىپ تاپقان پايدا نىجاسەت بىلەن باراۋەر. ئاپەت يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتماي، باھانى ئۆرلىتىۋېلىپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان خەلقنى ئۆلۈمگە تېخىمۇ قىستاش ئىنسابسىزلىق جۈملىسىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىلىم كانىدىن گۆھەرلەرنى قازغۇچىلار ئىلىم مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگۈچىلەردىن ئىنساب توغرۇلۇق سورىغاندا، ئىنساب ئېسىل ئەخلاق جۈملىسىدىن. ئىلگىرىكىلەر خۇدادىن كىچىك، پەيغەمبەردىن چوڭ بىرنەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنساب دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئىنسابلىق ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈنلۈكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرمامدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

سودىگەرلىرىمىز ئارىسىدا يېتىمنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان كىشىلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

سودا ـ سېتىق ساھەسىدە ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مىراسنى بۆلۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ

قىلمۇبلىپ، ۋاقتىدا ئايرىپ بەرمەيدىغان، ئىقتىساد يېتىشمەيدۇ دەپ كىچىكلەرنى ئوقۇتۇشسىز، ھۈنەرسىز قىلىپ قويىدىغان، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشتىن باش تارتىدىغان، قىلغان ئىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ، ۋەسىيلىكنى تۇرمۇشىغا ھېسابلايدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھەممە كىشىنى، بولۇپمۇ سودا - سېتىق ساھەسىدە ئىلىم - بىرىم بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلار ئاگاھ بولۇشى لازىمكى، ئىگىسىنىڭ يېتىملەرنىڭ ھامىيلىقىنى سىلەرگە تاپشۇرغانلىقىمۇ، ئۇنىڭ ۋەسىيىسىنى شۇ كىشىگە ئۇدۇللىشىدىكى سەۋەبمۇ ئىگىسىنىڭ شۇ كىشىدىن قاتتىق ئىمتىھان قىلغانلىقىدۇر. يېتىمنىڭ بىر تىيىن ھەققى تىجارىتىڭگە قوشۇلغانىكەن، ئومۇمىي پايدىدىمۇ ئۇنىڭ ھەققى بار، ھەتتا قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ پايداڭدا ئەنە شۇ يېتىمنىڭ ھەققى بار. يېتىمگە خىيانەت — ئۆزىگە ئۆزى جىنايەت. شۇڭا ئېيتىمىزكى، يېتىمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا خىراجەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئوقۇش، ئۆيلىنىش، ھۈنەر ئۆگىنىش، سودا - سېتىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلسا، ئىگىسى ئۇنىڭ نەچچە ھەسسىسىدە ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. يېتىمنىڭ ھەققىدىن ئەجىر ھەققى ئېلىش يېتىمگە پاسىبان بولمىغان بىلەن باراۋەر.

سودا - سېتىق ئىشلىرىدا بېخىللىق قانچىكى زىيانلىق بولغانىغا ئوخشاش، ئىنسابسىزلىقمۇ ئوخشاشلا زىيانلىقتۇر. بۇ ئادەت ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولغان بىر مىزاندۇركى، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشتىن باش تارتقان كىشى ئۆمۈرلۈك، ھەتتا تولدۇرۇۋالغۇسىز پۇشايمانغا قالىدۇ.

## سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا

بىرلا يول كۆپ كىشىلەر ئۆچۈن رىقابەت يولىدۇر. يۇقىرىدا بىز

سودا - سېتىقنىڭ توغرا ئۇسۇللىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. تىجارەت يولىغا چۈشكەن ئادەمدە مۇقەررەركى رىقابەت بولىدۇ ۋە رىقابەتتە قوللانغان ئۇسۇل بولىدۇ. ئۇسۇلنى كونىلار تەدبىر دەپمۇ ئاتىغان. شۇڭا، «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» دېگەن ماقال پەيدا بولغان. ئۇسۇلغا قاراپ نەتىجە، نەتىجىگە قاراپ پۇل بولىدۇ. رىقابەتنى ئۇتۇپ چىقىشتىكى ئۇسۇل دېسەك، نەتىجىنى جۇغلانغان پايدا، يولنى بولسا، مەبلەغنى دەسمايە قىلىپ ئاچقان تىجارەت يولى دەپ ئاتايمىز. دېمەك، مۇشۇ خۇسۇسىيەتتە توغرا رىقابەت يولى سودىنىڭ يېڭى دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. لېكىن، شۇ بىرنەرسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىمكى، توغرا بولمىغان رىقابەت ئۇسۇلى ۋە رىقابەتلىشىش نىيىتى ھەسەتخورلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھەسەت ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ قەلبىنى يارا قىلىدىغان، ھەتتا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئوغا. ھەسەت ئادەمگە پەقەت ھۇزۇر ئاتا قىلالمايدۇ. ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە ئەڭ يىرگىنىشلىكى ھەسەت بولۇپ، خائىنلىق، پىتنە - پاسات ۋە كۆرەلمەسلىك...... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەسەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلەيدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ بەلگىلىرى كۆپ خىل. كىمكى سۆرەلمىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن ھەممە نەرسىگە بىر يولىلا ئىگە بولۇشنى خالىسا، سۆزسىزكى ئۇ ھەسەتخور. ھەسەتخورلار ئادەتتە ئۆزىگە نېسىپ قىلغىنىدىن راھەتلەنمەي، شۇ رىزقى ئۇچۇن ئىگىسىگە شۈكرانە ئېيتماي، نېسىپ قىلىنمىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئاھ ئۇرۇشىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ياكى تارتىۋالماي، ياكى ئېرىشەلمەي ھەسرەت چېكىدۇ. شۇ تۇپەيلى دائىم خاپا يۈرۈشىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنىڭ تەدبىرسىزلىكى، نىيىتىنىڭ يامانلىقى تۇپەيلى، ئىشلىرىدا ئىلگىرى باسالمىلىق ۋە

باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرى داۋاملىق كاللىسىدىن چىقىپ كەتمەي ئازابلىنىدۇ. سودا ـ سېتىق ساھەسىدە بۇ ناھايىتى ئېغىر ئازاب. ھەسەتخورلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بىلسىمۇ تۈزىتىشنى خالىمايدۇ، ئاخىر ھاياتى بىلەن خوشلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن بىراقلا قۇرۇق قالىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ ئەڭ ئاددىي دورىسى — قوشنىلىرىنىڭ ياكى باشقا تىجارەتچىلەرنىڭ ئىشى يۈرۈشسە، ھەرگىز كۆز قىزارتماسلىق لازىم. ئىگىسىنىڭ بەرگەن نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىش، قانائەت قىلىش، باشقىلارنىڭ ئامىتىگە خۇشال بولۇپ، توغرا رىقابەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە بەل باغلاش لازىم. چۈنكى، كونىلار «ھەسەتخور — بەختلىك كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى، ھەسەتخورلۇقنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى روھلۇق يۈرۈش» دېگەنىكەن. ئەگەر ھەسەتخورلۇققا گىرىپتار بولغان كىشى ئۆزىنى ئۆزى داۋالىمىسا، ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، كۆزلىگەن مەقسىتى ئۈچۈن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن مەڭگۈ تولدۇرۇۋالغۇسىز ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. قارشى تەرەپ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈۋەرسە، مۇقەررەركى ھەسەتخور تېخىمۇ ئازابلىنىدۇ. ھەسەتخور ئۈچۈن قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقنى بىلمىگىنى ياخشى. ئەگەر بىلىپ قالسا، تەدبىرلىك سودىگەر بولسا، ھەسەتخورنى ۋاقتىسىز ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ھەسەتخور ئۇنىڭ مېلىغا، سودىسىغا، خېرىدارىغا، يۈز ـ ئابرۇيىغا ھەسەت قىلىدۇ. مال ـ مۈلۈك، سودا ـ سېتىق، خېرىدار، يۈز ـ ئابرۇي سودىگەر ئۈچۈن مۇھىملىقىنى بىلگەن كىشى ئۇنى ئۆزگە يار قىلىشنىڭ كويىدا ھەسەتخورنى تېخىمۇ ئازابلاپ قويىدۇ. ئازاب تۈپەيلى ھەسەتخور

ئاسانلا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

«سودىگەرنىڭ يولى بىر» لىقى «باشقا رىزىق» نى تېپىش ئۈچۈن سودىگەرنى ئاچ كۆز قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئاچ كۆزلۈك تىجارەت ساھەسىدە تىجارەتچىنى ھەسەتخور، قىزغانچۇق، بېخىل كىشىلەردىن قىلىپ قويۇش بىلەن بىرگە، ئاچ كۆزلۈكى تۈپەيلى دەسمايىسىدىن ئايرىپ قويىدۇ. بىرەر يېڭى مال كۆرسە، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئاخىرىنى قولدىن چىقىرالمايدۇ، ئاچ كۆزلۈك ئۈنىڭ قولىدىكى ئېھسان، خەير - ساخاۋەت ئەڭگۈشتىرىنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، شۇ تۈپەيلى كېلىدىغان كىرىممۇ ئۈزۈلۈپ كېمىيىپ، ئاچ كۆزلۈككە يېڭى نىشان كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

«دۇردانىلەر خەزىنىسى» دىن نەقىل ئالغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر سىز ئالدى - ساتتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولسىڭىز، شۇ ئىشنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئىگىلەڭ. ئىشلىرىڭىزنى تەرتىپ - ئىنتىزامى بىلەن ئىشلەڭ. ئۆز پايدىڭىزنى كۆزلەپ خەلقنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماڭ. تارازا، كەمچەنلىرىڭىزنى توغرا تۇتۇڭ. كەمچىلىكى، ئەيىب - نۇقسانى بار ماللارنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇپ، خېرىدارنىڭ كۆزىنى بوياپ ئالداپ ساتماڭ. بۇنداق يارىماس ئىشنىڭ بېشىڭىزغا پالاكەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭ. ئۇلار يەنە ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇش ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ:

1) مال - دۇنياسى كۆپ بولغان كىشى باي سانالماس، بەلكى ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىپ تېجەشلىكنى بىلگەن كىشى بايدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پايدىسىز يەرلەرگە ۋە يارىماس ئىشلارغا بىر تىيىنمۇ سەرپ قىلماسلىق لازىم.

2) بىرنەرسىنى بىر قېتىمدىلا كۆپرەك ئېلىۋېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇپەيلى نېسىگە نەرسە ئالغان بولسىڭىز، پۇلنى تېزرەك تاپشۇرۇۋېتىڭ. كىشىلەرگە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى، ئادەمنى ۋاقىتسىز قېرىتىدىغان ئىشلارنىڭ بىرسى قەرزدارلىقتۇر. بەك زۆرۈر بولمىسا، باشقىلاردىن قەرز ئالماڭ. كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمەي تۇرۇپ (سىنىماي) ئۇنىڭغا قەرز بەرمەڭ. باشقىلاردىن ئالغان قەرزىڭىزنى تۆلەش ۋاقتى يەتسىمۇ تۆلەشكە كۈچىڭىز يەتمىسە، مۇلايىملىق بىلەن ئۆزرە سوراڭ.

3) كىرىم - چىقىملىرىڭىزنى ھېسابات دەپتىرىگە ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ تۇرۇڭ. چۈنكى، بۇنداق دەپتەر ئىقتىساد ۋە تەدبىر ئۆلچىمىدۇر. يانچۇقتىن چىققان پۇللارنى ھېسابلاپ تۇرغان كىشى كېرەكسىز يەرلەرگە پۇل سەرپ قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىيالايدۇ. چىقىم چوقۇم كىرىمدىن ئارتىپ كەتمىسۇن. چىقىم كۆپ بولۇپ كەتسە، سىزگە ھامان قايغۇ كەلتۈرىدۇ.

يۇقىرىقى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەر تەۋەككۇل كېمىسىنى بىر دەرياغا سالغان مىليونلىغان سودىگەرلەرنىڭ ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيەلىشىدىكى مۇھىم ئۆتكەل. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلار مىليونلىغان سودىگەر مېڭىۋاتقان بىرلا يولدىن رىزقىنى تېپىپ يېيەلەيدۇ. ئەكسىچە بولغانلار يولدا مۇدۇرۇپ، دەسسىلىپ كېتىدۇ ياكى باشتا بايان قىلغاندەك، «چوڭ بىلىق» قا يەم بولۇپ، ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادلىرى بۇ ئاچچىق ساۋاقنى توغرا يەكۈنلىيەلمەي، ئىككىنچىلەپ سودا - سېتىق يولىغا قەدەم ئالماس بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىدا بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتماي، بۇ دۇنيادىن غەم بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان مۇنداق بىر گەپ بار، ئۇ بولسىمۇ:

# تىرىشقان ئۇتار

تىرىشچانلىق ئىنسان ھاياتىدا ھاياتنى مەقسەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان، مەقسىتىدىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ ھاياتنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىدىغان ۋاسىتە. كەسىپ ھايات كەچۈرۈشتىكى بىر ئامىل بولسا، ياخشى ئەخلاقنى ئۆزىگە ماياك قىلغان تىرىشچانلىق كەسىپنى روناق تاپتۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل. ئىنسان ھايات كەچۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتە — ياخشى كەسىپنى تاللىغانىكەن، ئۇنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش، يولغا قويۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇپ ئۈنۈم قازىنىشتا چوقۇم تىرىشچانلىقتىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ. كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل ياخشى بولغان كەسپىي ئەخلاق بىلەن زىچ بىرىككەن تىرىشچانلىق. كەسىپتىكى ئۇتۇقلۇقلۇق، ئاجىزلىقنى ۋە يولنى تىرىشچانلىق ئارقىلىق يەڭگىلى، تولۇقلىغىلى ۋە تاپقىلى بولىدۇ. ھېچقانداق كەسىپتە «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان ئىش يوق، ياكى بولمىسا 24 سائەت ئىتىكاپتا ئولتۇرۇپ تىلەش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئىش يوق. ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئىلاجى ئۆزى بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئىلاجى تىرىشچانلىق ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. بىرەر كەسىپتە ئاخىرغىچە جىددىي ئەمگەك قىلمىسا، ئۆزى يەيدىغان بىر پارچە ناننى ئۆزى ئىشلەپ تاپمىسا، ئۇ ھېچقاچان كەسىپدە يول تاپالمايدۇ، كەسىپنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. تىرىشچانلىق ئارقىلىق تاپقان پايدىنىڭ لەززىتى ۋە ئۈنۈمى، شۆھرىتى ۋە تەربىيەسى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈنۈملۈك بولىدۇ. سائادەت ۋە ئامەت شۇنداق كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ. سائادەتكە مۇيەسسەر بولغان ئادەمنىڭ يەنە باشقا بىر سائادەتنى ئىزدەپ يۈرۈشىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈنكى، سائادەتكە

ئىرىشكەن ئادەم كەسىپىنى سۆيگەن، كەسىپ ئارقىلىق ھېلىھەم مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆزلىگەن ئادەم. شۇڭا ئېيتىمىز، ئەگەر سىز مۇۋاپىق بىر كەسىپنى ياكى بىز مۇتائىلىمىزنىڭ تېمىسى قىلغان سودا - سېتىق كەسىپنى تاللىغانىكەنسىز، ئۆزىڭىزنى، پۈتۈن قەلبىڭىزنى (مەنىۋىيىتىڭىزنى ۋە جىسمانىيىتىڭىزنى) ئەنە شۇ كەسىپ ئۈچۈن بەخش ئەتسىڭىز، بەخت ئاخىر سىزنى ئىزدەپ تاپماي قويمايدۇ. «تىرىشچان ئۇتار» دېگىنىمىزدە كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز مانا مۇشۇ. چۈنكى، دائىملىق، ئىزچىل ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق نەرسىنى (ئىشنى) تەرتىپكە سالىدۇ. بارلىق ھەرىكەت ئەنە شۇنىڭ ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. سودىدا بىرەر قېتىم ئامەتىڭىز كېلىپ قالغاندىمۇ تىرىشىش لازىم. چۈنكى، بىردەملىك روھىي غالىبلىق ئېلىپ كەلگەن مەنمەنلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇق كېيىنكى نۇرغۇن نەرسىدىن قۇرۇق قويىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سودىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىمۇ بەل قويۇۋەتمەي داۋاملىق تىرىشىش لازىم. تىرىشىش غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ، رىقابەتچىلەرگە ئىچكى سىرنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقنىڭ، روھىي ئازابقا چۈشۈپ قالماسلىقنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ داۋاملىق ئىشلەشتىن باشقا ھېچقانداق ھەرىكەت بۇ خىل ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەيدۇ. تىرىشچانلىق كەسپكە بەرىكەت ئاتا قىلىپ، ئۆمۈر چىرىغىغا ياغ قۇيۇپ تۇرغۇچىدۇر. تىرىشچانلىق ئالىي مەقسەتنىڭ ۋاستىسى بولغاندا، تەبىئىيكى زاۋاللىق (سودىدىكى مەغلۇبىيەت) سودىنىڭ پاياندىزى بولىدۇ. ئۇلۇغلاردىن قالغان مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ئەۋلىيا ئۆز مەھەللىسىدە ھەمىشە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان بىر كىشىنى كۆرەتتى. ئۇ ھېلىقى كىشىدىن بۇ ئادىتىنى بۈگۈن ئۆزگەرتە، ئەتە ئۆزگەرتە دەپ ناھايىتى چوڭ ئۈمىد كۈتكەن

بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى كىشى بۇ ئادىتىنى زادىلا ئۆزگەرتمىگەچكە، بىر كۈنى ئەۋلىيا ھېلىقى كىشىدىن سورىدى:

— تامغا يۆلىنىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق جىم ئولتۇرۇشۇڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ھېلىقى كىشى جاۋاب بەردى:

— كەمبەغەلمەن، مادارىم بولسىمۇ قۇربىم يوق، نېمىش قىلىشىمنى بىلمەي ئولتۇرىمەن.

— قولۇڭغا بىر تاياقچىنى ئېلىپ يەرگە بىرنەرسىلەرنى بولسىمۇ جىجىلاپ ئولتۇرغىن، — دېدى ئەۋلىيا ھېلىقى كىشىگە.

ھېلىقى كىشى ئەۋلىيانىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش قىلدى. بىر كۈن جىجىلىدى، ئىككى كۈن جىجىلىدى. ئاخىر ھېلىقى جىجىقلار بىر ئايالنىڭ سۈرىتىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئۆزى سىزغان ئايالنىڭ رەسىمگە ئاشىق بولۇپ، ۋۇجۇدىدا ئىنسانىي ئىشق - ھەۋەسنىڭ ئوتى ياندى. ئىشق ئوتلىرى يېلىنجاپ، ئۆيلىنىش تۇيغۇسى قاناتلاندى. لېكىن، قولىدا دەرەم يوق ئىدى. ئۇ ئارزۇ يولىدا بىر بايغا پادىچى بولدى. كۈندۈزلىرى پادىلارنى باققاچ چاتقاللارغا ئېلىنىشىپ قالغان قوي يۇڭلىرىنى يىغىپ، ئاخشىمى يىپ ئېگىرىپ سېتىپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرمۇشىمۇ خېلى ھاللىنىپ، ئاخىر ئۆيلەندى. ئۇ يۇڭ تېرىپ كەلسە ئايالى ئېگىرىپ ساتتى. شۇنداق قىلىپ، كېچىكىپرەك بولسىمۇ، بىر ئىگىلىك گۈللىنىپ، ئاخىر ھېلىقى كىشى نەچچە قوتانلىق قويىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىگىلىكى راۋاجلىنىپ داڭقى چىققان بايغا ئايلاندى.

بىر كۈنى ئۇ ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— كاتتا بايغا ئايلاندىم. بايلىقىمنى يىغىشتۇرۇشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئەۋلىيا، — سەن مېڭىپ تۇرۇپ نان يە!

ھېلىقى كىشى ئەۋلىيانىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقى ھالەتكە كېلىپ قالدى. ئۇ يەنە ئەۋلىيادىن سورىدى:

— دېگىنىڭىزدەك قىلىۋىدىم، كۆتۈلمىگەندە بۇ ئىشقا دۇچار بولدۇم. بۇرۇنقىدىن «تىرىشقان ئۇتار» دېگەن ماقالنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندىم. كېيىنكىسىنىڭ مەنە - سىرىنى يېشىپ بەرسەڭ.

— تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مېڭىسىنى قەدىرلەش پەزىلەت جۈملىسىدىندۇر. لېكىن، مېھنىتىڭ مېڭىپ يۇرۇپ نان يېيىش جەريانىدا يەرگە چۈشتى. سەن ئۇنىڭغا بىلىپ - بىلمەي دەسسىدىڭ. ئەقىدەڭ خارلاندى، ئۆزۈڭمۇ خارلاندىڭ، — دېدى ئەۋلىيا.

يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئېيتىلىۋاتقان مەنە: ھەرقانداق خارلىق تىرىشماسلىق تۈپەيلى كېلىپ چىقىدۇ. ھەرقانداق زەبۇنلۇق ۋە ۋەيرانلىق ئۆز ئەقىدىسىنى، ئۆز كەسپىنى سۆيمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. سودا - سېتىق يولىمۇ ئوخشاشلا تىرىشچانلىققا موھتاج، بەلكى مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تەڭ تىرىشچانلىققا موھتاج. تىرىشچانلىق بەرىكەتنىڭ كۆچىتى، روناق تېپىشنىڭ ئاساسى. جاپاغا چىدىغاندا، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتە ھارامدىن قېچىپ، جىسمانىيىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قورقماي، ھارماي شۇ ئىشنىڭ غېمىدە بولغاندا، ئاندىن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ ھەم ھۇزۇر - لەززىتى ۋە ئۈمىدى بولىدۇ. نەۋايى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا: «سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئالدى بىلەن مەقسىتى تۇغرا بولۇشى، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەت تارتىشى، سودا ئۈچۈن دەريا - دېڭىزغا كېمە

سىلىشى، گۆھەر ئۈچۈن لەھەك ئاغزىغا ئۆزىنى ئۇرۇشى، پۇل - مالنىڭ ھەشەمەتىگە سەۋەب قىلىشى، ئىسىل، نەپىس كىيىملەرنى ئاياپ، كونا (ئاددىي) كىيىملەرنى كىيىشى، لەزىز غىزالار ئورنىغا قورۇق (قاتتىق) نانلارنى يېيىشى لازىم» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. نەۋايىنىڭ دەۋاتقانلىرى پىخسىقلىق قىلىپ ئەمەس، بەلكى «ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەنگە ئىشارەت قىلىپ ئېيتىلغان.

سودا - سېتىقچىلىرىمىز ئارىسىدا جازانىخورلۇق (سۈتخورلۇق) قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. جازانىخورلۇق مېھنەت سەرپ قىلماي پايدىغا ئېرىشىدىغان بىر خىل ئۇسۇل، كۆرۈنۈشى گۈزەل، ئاقىۋىتى رەسۋا بىر خىل ئىش. جازانىخورلۇقتا سەرپ ئېتىلگەن پۇل (ئارىيەت ئالغۇچى) توغرا كەسپكە ئىشلىتىلىۋاتامدۇ؟ ئادەملەرنى زەھەرلەيدىغان، بىرلىككە، ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كىشىنى زەھەرلەيدىغان چېكىملىك ئېلىپ سېتىشقا ئىشلىتىلىۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ تەرىپىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش بەكمۇ مۇھىم. قازاق خەلقىنىڭ مۆتىۋەر شائىرى ئاباي: «ئادەمنىڭ يارامسىزلىقى - يارامسىزلىقى بىرەر ئىشنى باشلىشىدىن مەلۇم بولىدۇ، قانداق تۈگەتكەنلىكىدىن ئەمەس» دېگەنىكەن. ياخشى نىيەتتە باشلانغان سودا - سېتىق تىجارىتى بىر مەزگىللىك ئەگرى - توقايلىقلاردىن كېيىن چوقۇم ئۆز يولىنى تاپماي قالمايدۇ.

ئابايىنىڭ ھېكمىتىدە بايان قىلىنىۋاتقان مەزمۇنلار سودا - سېتىق تىجارىتى يولىغا چۈشكەن ھەرقانداق ئادەمگە ماس كېلىدۇ. سودا - سېتىق قىلىش ئاز - تولا نەپكە ئېرىشىپ تۇرمۇشىنى قامداشنى مەقسەت قىلغانىكەن، توغرا يول بىلەن مېڭىش، توغرا ئۇسۇل قوللىنىش، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، ئادىل، توغرا بولۇش، جازانىخورلۇقتىن قاتتىق ساقلىنىش، خەير - ئېھسان

قىلىش، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىكتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. «ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئىبادەت قىلىش، مىڭ يىل ياشايدىغاندەك تىجارەت قىلىش» ئەنئەنىسىنى توغرا چۈشىنىش، پىخسىقلىق، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىقتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

نەۋايى ھەزرىتىم دۇنيا، مال - مۈلۈكنىڭ ئەبەدىيلىك بولمايدىغانلىقى ھەققىدە جاھانشۇمۇل شاھ ئىسكەندەر ماكېدونىسكىنىڭ (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەسىيىتىنى مىسال ئېلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

سېنى ئاناڭ تۇغۇپ سۈرتكەندە كۆزگە،
ھېچ نەرسە بەرمىگەن بوش قولدىن ئۆزگە.
دۇنيادىن كەتمەككە قويغاندا قەدەم،
كەلگەن شۇ يول بىلەن بوش كېتەرسەن ھەم.

جاھانگىرشاھ ئىسكەندەر پۈتۈن جاھان مۈلكىنى ئىگىلىگەن تەخت ئىگىسى ئىدى. ئۇ قەيەرگە يۈرۈش قىلسۇن ئۆز تەسەررۇپىغا ئالمىغان بىرمۇ جاي قالمىدى. مەيلى قۇرۇقلۇق بولسۇن، مەيلى دېڭىز - ئوكيانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمر - ھۆكمى ئاستىغا ئۆتكەنىدى. ئۇ بۇ يېشىل گۈمبەز ئارا ئادالىتىنى ھەممىلا يەرگە يايغانىدى. باشقا شاھلار ئۇنىڭغا قۇللۇقنى ئىختىيار قىلىشىپ، بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى. شاھلىق، ئەۋلىيالىق ۋە ئەنبىيالىق سۈپىتى ئۇنىڭغا نېسىپ بولغان بولۇپ، سوررۇنلىرى ھېكمەت بىلەن تولۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇلۇغ شاھلار زاتىدىن بولۇپ، جاھاننى كۆرسەتكۈچى قەدەھ ئۇنىڭغا جاھاننەما ئەينەكى ئىدى. يەتتە ئاسمان ۋە يەتتە ئىقلىم ئۇنىڭ ئەمر - ئىدارىسىدە ئىدى.

كۆڭلەردىن بىر كۈنى بۇنداق ھۇمايۇن قانات، خۇش تەلەي

شاھ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىدە ئاجايىپ زەئىپلىك ۋە بىچارىلىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈماسى بولسۇن، نە خىزمەتچى قۇللىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى ئارا تۇرالمىدى. بارلىقى بۇ يېشىل باغ ئارا قېلىپ، ئۆزى قارا تۇپراققا سەپەر قىلماقچى بولدى. بۇ زاۋاللىق ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈۋاتقان ئاشۇ مەھەلدە مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىچىنى بوشاتتى:

— مانا ھازىر بىچارىلىك بىلەن كېتىۋاتىمەن. مەن شاھقا بۇ دۇنيادىن كۆچۈش نۆۋىتى يەتتى. كىمدىكىم ھىممەت ئىگىسى بولسا، مېنىڭ ئۇنىڭغا ۋەسىيىتىم شۇكى، ئۇلۇغلۇق بوستانىنىڭ قۇشى مەندىن ئۈچۈپ پاكلىق بوستانىنى ياد ئەيلىگەندە، ئاھى بىلەن ئالەمنى قارا ئەيلەپ، جەسىتىمنى تاۋۇتقا سالسۇن. قەبرىگە ئېلىپ ماڭغاندا، بىر قولۇمنى جىنازىنىڭ يېنىدىن چىقىرىپ قويسۇن. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ، ئاشۇ قولغا ئىبرەت كۆزى بىلەن باققاي ۋە يەتتە ئىقلىم پادىشاھى ھەم يەتتە ئاسمان سىرلىرىنى بىلگۈچى جىسمىدا جان يوق بۇ جاھاندىن قۇرۇق قول كېتىۋېتىپتۇ دەپ بىلگەي. كىمكى دۇنياغا ھەۋەس قىلسا، مۇشۇ قول مىسالى ئۇنىڭغا بەس بولغاي.»

ھەزرىتى نەۋايىنىڭ ئىسكەندەر ھەققىدىكى بۇ رىۋايىتىنى مىسال ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب، مال - مۈلۈك ئەبەدىيلىك ئەمەس. توغرا ۋە ھالال مېھنەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆمرىنى كۆڭۈل ئازادىلىك، ئائىلىسىنى ئىناق، بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ھەممىدىن مۇھىم.

**ئىزاھاتقا مەنبە كۆرسەتمە**

① ئابدۇقادىر داموللام ــ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەشھەت يېزىسىدىكى ئابدۇۋارىس ئىسىملىك مەرپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 1271 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 ـ ، 1855 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەشھەتتىكى مەشھۇر «ھەزرىتى سۇلتانىيە» مەدرىسەسىدە ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام 15 ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرگەن. «خانلىق مەدرىسە» شۇ چاغدىكى داڭلىق مەدرىسەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كاتتا، تونۇلغان ئالىم، ئۆلىمالار مۇدەررىسلىك قىلغان. مۇدەررىسلەرنىڭ ئەتراپلىق بىلىم بېرىشى، ئۆزىدىكى ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق ئۇنى تېزلا تونۇلغان تالىپقا ئايلاندۇرغان. كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆز خىراجىتى بىلەن شۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز زامانىسى ئۇچۇن ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان ئىسلام ئەقىدىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، ئىلمى تەجۋىد، ئاقائىد، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى مەنتىق، ھېساب قاتارلىق پەنلەردىمۇ ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

ئابدۇقادىر داموللام كېيىن تاشكەنت، خوجەنت، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ، 1907 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ قەشقەردە يېڭىچە پەننىي مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاندىن سىرت، «ئاقائىد زۆرۈرىيە»،

«ئىبادەت ئىسلامىيە»، «سەرف نەھۋى»، « تەسھىلىل ھېساب»، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد جەۋھەرىيە»، «مۇتالىئە ھىدايەت»، «ىىدايەتۇسسەرپ»، «ھىدايەتى نەھۋى»، «تەلىمى سەبيان»، «فاسايىھۇل ئەتفال»، «نەسىھەتى ئاممىا»، «جاۋارىھۇل ھېيقان»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «مۇخەممەس» قاتارلىق ئوقۇشلۇق، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ھىجرىيە 1342 - يىلى (مىلادىيە 1923 - ، 1924 - يىللىرى) ماھى مۇھەررەمنىڭ 1 - كۈنى سەيشەنبە (8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى) قەست بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. «ئاقائىد زۆرۇرىيە» ئالىمنىڭ ئەينى دەۋردىكى مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، دەرسلىك ماتېرىيال كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە يازغان كىتابىدۇر.

② ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىيات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشرى.

③ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار: «ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك — ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» I توم. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى.

④ ، ⑤ ، ⑥ مەھمۇت كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى.

⑦ ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى.

⑧ رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن — تاتار ئالىمى، ئاتاقلىق پېداگوك، ژۇرنالىست. ئۇ 1858 - يىلى 28 - دېكابىردا رۇسىيەنىڭ سامارا گوبېرنىيەسىدىكى كىچىچات يېزىسىدا تۇغۇلغان. پەۋقۇلئاددە تۇغما تالانتى بىلەن ئەرەب، پارس، رۇس تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دۇنياۋى ئىلىملەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كامالەتكە يەتكەن. شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى، مەدرىسە بىلىملىرى، پەلسەپە، تارىخ بىلىملىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بەلگىلىك

سەۋىيە ياراتقان. ئۇ 1937 - يىلى ۋاپات بولغان.

(9) يۈسۈپ قەرازاۋى ـ 1926 - يىلى مىسىردا تۇغۇلغان. ئەزھەردە ئىپتىدائىي مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. 1958 - يىلى تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە ئەرەب تىلى ئالىي مەكتەپ دىپلومىغا ئېرىشكەن. 1960 - يىلى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىجتىمائىيەت ۋە روھىيەت بىلىملىرىگە مۇناسىۋەتلىك 140 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان.

(10) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: (1019 ـ 1085) ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى، ئېنسىكلوپېدىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى. «قۇتادغۇبىلىك» 6645 بېيىتتىن تەركىب تاپقان مەشھۇر داستان بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

书中讲述公民父知的道德规范常说。

图书在版编目（CIP）数据

公民须知 ：道德品行知识手册 ：维吾尔文 / 艾买提·戴尔维西著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2013.11

ISBN 978—7—5373—2975—0

Ⅰ. ①公… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①公民教育—社会公德教育—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①D648.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 266101 号

策　　划：艾尔肯·艾麦提
　　　　　穆罕默德·阿布里孜伯日亚尔

责任编辑：姑丽巴哈尔·麦麦提依明

责任校对：热孜玩古丽·阿不来提

公民须知 — 道德品行知识手册

| | | |
|---|---|---|
| 作 | 者 | 艾买提·戴尔维西 |
| 出 | 版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电 | 话 | 0998 — 2653927 |
| 地 | 址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮 | 编 | 844000 |
| 发 | 行 | 新疆新华书店 |
| 印 | 刷 | 喀什维吾尔文出版社彩刷厂 |
| 开 | 本 | 880 毫米 × 1230 毫米 1/32 |
| 印 | 张 | 6 |
| 版 | 次 | 2014 年 1 月 第 1 版 |
| 印 | 次 | 2014 年 1 月 第 1 次印刷 |
| 定 | 价 | 15.00 元 |

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

ISBN 978-7-5373-2975-0

9 787537 329750 >

定价：15.00元